教 与 学 تەلىم-تەربىيە ئۈچۈن

بىلقۇت بالىلار مەسەللىرى

بىلىمگەننى بىلقۇتتىن بىل!

# ھەددىنى بىلمىگەن پاقا

# Heddini Bilmigen Paqa 忘乎所以的青蛙





خەلقىمىز قەدىمدىن بۇيان مەسەلدىن پايدىلىنىپ، ئۇلارنىڭ دۇنيا قارىشى ئىپادىلەپ
ئېسىل ئىنسانىي خىسلەتكە مەدھىيە ئوقۇپ، كىشىلىك دۇنياسىنىڭ قائىدە - قانۇنىيەتلىرىنى ئېچىپ
بېرىپ، كىشىلەرنى ياخشى ئىش قىلىش، باشقىلارغا يار-يۆلەك بولۇش، ئىنسانىي خاراكتېرى ھازىر
قىلدۇرۇشقا دەۋەت قىلىپ كەلگەن. مۇشۇ مەنىدىن ئېيتقاندا، مەسەللەرنىڭ ئىجابىي رولى ۋە تەربىيىۋى
ئەھمىيىتى ناھايىتى چوڭ ۋە تەڭداشسىزدۇر. شۇ سەۋەبتىن پەرزەنتلىرىمىزنىڭ مەسەلگە بولغان
تەشنالىقىنى قاندۇرۇش، ئۇلارنى خەلقىمىز ياراتقان مەسەل خەزىنىسىدىن خەۋەردار قىلىش ۋە تەربىيەلەش
مەقسىتىدە، «بىلقۇت بالىلار مەسەللىرى» ناملىق بۇ بىر يۈرۈش كىتابچىنى تۈزۈپ پەرزەنتلىرىمىزگە
سۇندۇق. بۇ كىتابچىلار مەزمۇنىنىڭ چوڭقۇرلۇقى، تەربىيىۋى ئەھمىيىتىنىڭ زورلۇقى بىلەن تەلەپچان
ئاتا-ئانىلارنىڭ پەرزەنتلىرىنى ياراملىق تەربىيەلىشىدىكى قابىل ياردەمچىسى، پەرزەنتلەرنىڭ ساپالىق
يېتىلىشىدىكى سادىق دوستى بولۇپ قالغۇسى!



# ھەددىنى بىلمىگەن پاقا

## Heddini Bilmigen Paqa 忘乎所以的青蛙



ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

书　　名　儿童寓言
编　　者　碧利库特公司
责任编辑　古丽巴哈尔，牙里坤·肉孜
责任编辑　克尤木·吐尔逊
设 计 师　艾尼瓦尔·土尔逊
书 法 家：艾力夏提·艾孜孜
画　　家：买合木提·吐尔尼亚孜
出　　版　新疆电子音像出版社
地　　址　乌鲁木齐市西虹西路36号
邮　　编　830001
发　　行　新疆新华书店
印　　刷　乌鲁木齐隆益达印务有限公司
开　　本　850×1168mm 1/32
印　　张　2.5
版　　次　2011年3月第1版
印　　次　2011年3月第1次印刷
定　　价　240元（共30种类，单价8.00元）

# نەشرىياتتىن

مەسەللەر خەلق ئېغىز ئىجادىيىتىنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى بولۇش سۈپىتى بىلەن قەدىمدىن بۇيان كىشىلەرنىڭ دىققىتىنى زور دەرىجىدە تارتىپ كەلمەكتە. مەسەللەر ھەجمىنىڭ قىسقا، مېغىزلىق بولۇشى، ئوتتۇرىغا قويۇلغان پىكىرنىڭ چوڭقۇرلۇقى، كىشىلىك ھاياتقا نىسبەتەن ناھايىتى توغرا يول كۆرسىتىپ بېرەلەيدىغانلىقى بىلەن دىققەتكە ئالاھىدە سازاۋەر. خەلقىمىز قەدىمدىن بۇيان مەسەل ژانىرىدىن ئۈنۈملۈك پايدىلىنىپ، ئۆزلىرىنىڭ دۇنياقارىشىنى ئىپادىلىگەن، ئېسىل ئىنسانىي خىسلەتكە مەدھىيە ئوقۇغان، كىشىلىك دۇنياسىنىڭ قائىدە - قانۇنىيەتلىرىنى ئېچىپ بېرىپ، كىشىلەرنى ياخشى ئىش قىلىش، باشقىلارغا يار - يۆلەك بولۇش، ئىنسانىي خاراكتېرنى جارىي قىلدۇرۇشقا دەۋەت قىلغان. مۇشۇ مەنىدىن ئېيتقاندا، مەسەللەرنىڭ ئىجابىي رولى ۋە تەربىيىۋى ئەھمىيىتى ناھايىتى چوڭ ۋە تەڭداشسىزدۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن باشلانغۇچ مەكتەپ باسقۇچىدا ئۆسمۈرلەر تۈرلۈك مەسەللەر بىلەن تونۇشۇپ، ئۆزلىرىنىڭ كىشىلىك ھايات قارىشىنى دەسلەپكى قەدەمدە شەكىللەندۈرەلەيدۇ، ئاق - قارىنى ئېنىق پەرق ئېتەلەيدۇ، شۇنداقلا ھاياتنى قىزغىن سۆيۈپ، جەمئىيەتكە يارامىلىق ئادەم بولۇش ئۈچۈن دەسلەپكى ئاساسنى تۇرغۇزالايدۇ. يېقىنقى يىللاردىن بۇيان باللارغا ئائىت كىتاب ۋە ئۈن - سىن بۇيۇملىرى نەشر قىلىپ، كىشىلەرنىڭ ياخشى باھاسىغا

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



ئېرىشىپ كېلىۋاتقان شىنجاڭ بىلىقۇت ئېلېكترون پەن - تېخنىكىسى شىركىتى پەرزەنتلىرىمىزنىڭ چۆچەككە بولغان تەشنالىقىنى قاندۇرۇش، ئۇلارنى خەلقىمىز ياراتقان مەسەل خەزىنىسىدىن خەۋەردار قىلىش ۋە تەربىيەلەش مەقسىتىدە، «بىلىقۇت بالىلار مەسەللىرى» ناملىق بۇ بىر يۈرۈش كىتابنى تەييارلاپ نەشىر قىلدى. بۇ كىتابلارغا كىرگۈزۈلگەن مەسەللەرنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمى ئۇيغۇر خەلق مەسەللىرى خەزىنىسىدىكى ناھايىتى مۇھىم، مەزمۇنى چوڭقۇر، تەربىيىۋى ئەھمىيىتى زور بولغان مەسەللەر بولۇپ، تەلەپچان ئاتا - ئانىلارنىڭ پەرزەنت تەربىيىسىدە پايدىلىنىشىغا تولىمۇ مۇۋاپىق كېلىدۇ.

«بىلىقۇت بالىلار مەسەللىرى» — مەسەللەرنىڭ مەزمۇنى بويىچە ئايرىم - ئايرىم رەتلەنگەن بولۇپ، ھەر بىر مەسەل مۇھتەرەم بوۋاي بىلەن ئۇنىڭ ئامراق نەۋرىسى بىلىقۇتجاننىڭ قىسقا - قىسقا دىئالوگلىرى ئارقىلىق بىر - بىرىگە باغلىنىپ، بىر پۈتۈن گەۋدە ھاسىل قىلىدۇ. بۇ مەسەللەرنىڭ مەزمۇنى چوڭقۇر، تېما دائىرىسى كەڭ، ئىخچام ۋە مېغىزلىق؛ تىلى چۇچۇك، راۋان ۋە يېقىملىق بولۇپ، ياش - ئۆسمۈرلەرنى كىشىلىك دۇنيا، ھايات ھەققىدە نۇرغۇن بىلىمگە، توغرا قاراشقا، ھاياتنىڭ قىممىتىنى چۈشىنىشكە، ئىشلارنى لايىقىدا بىر تەرەپ قىلىشقا ئۈندەيدۇ. بىز بۇ بىر يۈرۈش كىتابنى پەرزەنتلىرىنى يارامىلىق تەربىيىلەش يولىدا ئىزدىنىۋاتقان ئاتا - ئانىلارغا ۋە بىلىمگە تەشنا پەرزەنتلەرگە ئالاھىدە تەۋسىيە قىلىمىز.

# مۇندەرىجە


مەسەللەر ــ ھاياتتىن ئىبرەت ........ 1
ئىت ۋە ئۇنىڭ كۆلەڭگىسى ........ 6
ياۋۇز بۆرە بىلەن ھاماقەت كالا ........ 8
مۈڭگۈزىگە ئىشىنىپ، پۇتىدىن نومۇس قىلغان بۇغا ........ 10
بىرىنچى بولۇپ... ........ 12
كېپىنەكنىڭ خورازنى يېڭىشى ........ 16
ئۆي كۆچۈش ........ 20
ئىككى دۆت ........ 22
گەپ ئاڭلىماس قوزا ........ 23
ئېشەككە ئايلانغان ئادەم ........ 26
نىيىتى يامان پاقا بىلەن قۇلۇلە ........ 31
تاز بىلەن چىۋىن ........ 33
ئېشەك سېتىۋېلىش ........ 34
تۈلكە بىلەن ئۆچكە ........ 35
ئەخمەق قاغا بىلەن قۇۋ تۈلكە ........ 37
ھەددىنى بىلمىگەن پاقا ........ 39
بۇلۇت بىلەن سۇ ........ 41
بۆرە بىلەن ئۆچۈرگۈچ ........ 42
دەرياغا غەرق بولغان تورپاق ........ 43
ئاۋاز بىلەن يورۇقلۇق ........ 45
تام بىلەن گىلەم ........ 46

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى www.uyghurkitap.com



ھۈنەرسىز پالۋان ........ 47
پۈتى ھەسەلگە پېتىپ قالغان پاشا ........ 49
ھەركىم ئۆز ھەددىنى بىلىشى كېرەك ........ 50
توپا يېگەنلەر ........ 52
ئۆزىڭىز ئايرىۋېلىڭ ........ 54
ئەگەر مېڭىسى بولسا ........ 55
تېرە قولدىن كېتىدۇ ........ 58
تىلشۇناس بىلەن قېيىقچى ........ 59
تۈلكە بىلەن كومزەك ........ 61
ئۆزىگە ئۆزى جاپا سالغان ئېشەك ........ 63
ياچۋەكنىڭ ھارۋىنى توختاتماقچى بولغىنى ........ 66
ئۆز بېشىنى ئۆزى يېگەن سار ........ 68
تىنماي ئاغرىنىدىغان بېلىق ........ 70
خورازنىڭ تۈلكىنى ئالدىشى ........ 73

# مەسەللەر ــ ھاياتتىن ئىبرەت

كۈندىلىك تۇرمۇشتا خىلمۇ خىل ئىشلار يۈز بېرىپ تۇرىدۇ. بۇ ئىشلارنىڭ بەزىلىرى ئادەمنى خۇشال قىلسا، بەزىلىرى خاپا قىلىدۇ، يەنە بەزىلىرى بولسا ئادەمنى چوڭقۇر ئويلارغا غەرق قىلىدۇ. بىر يۈز بەرگەن بەزى ئىشلاردىن چوڭقۇر ساۋاق ئالالمىز، بەزىلىرىدىن تەسىرلىنىمىز، بەزىلىرىدىن ھايات تەجرىبىمىزنى بېيىتالايمىز.

بۇ دۇنيادا ئادەمگە نىسبەتەن ھايات تەجرىبىسى ئۆگىنىشتىنمۇ مۇھىم ئىش بولمىسا كېرەك. چۈنكى، ئالدىنقىلارنىڭ ھايات تەجرىبىلىرى كېيىنكىلەر ئۈچۈن مەڭگۈ ئۆلگە، پەقەت ئۇنىڭغا تايانغاندىلا، ھايات يولىدا خاتا قەدەم ئېلىشتىن ساقلانغىلى، ۋاقىتنى تېجىگىلى، ئاۋارىچىلىكلەردىن ساقلانغىلى، شۇنداقلا بۇ قىسقىغىنە ھايات شامىنى تېخىمۇ نۇرلاندۇرغىلى بولىدۇ.

مۇھتەرەم بوۋاي ئەقىللىق نەۋرىسى بىلقۇتجاننى ئەتراپلىق تەربىيەلەش مەقسىتىدە ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرىنى، ئۇيغۇر ئۆرپ ـ ئادەتلىرىنى بىر قۇر سۆزلەپ بېرىپ، ئۇنىڭ نەزەر دائىرىسىنى خېلىلا كېڭەيتىپ قويغانىدى. بۇنىڭ بىلەن باشلانغۇچ مەكتەپنى پۈتكۈزۈش ئالدىدا تۇرغان بىلقۇتجان ئۆزىنىڭ

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



ھايات نىشانىنى توغرا بەلگىلەپ، كەلگۈسىدە ئەلگە يارامىلىق بىر ئەۋلاد بولۇپ يېتىلىش ئۈچۈن تىنىماي تىرىشچانلىق كۆرسىتىۋاتاتتى.

مۆھتەرەم بوۋاي مۇشۇ كۈنلەردە نېمىشقىدۇر بىر نېمىسى كەمدەك ھېس قىلىدىغان بولۇپ قالدى. ئۇ ئۇيان ئويلاپ، بۇيان ئويلاپ، ئاخىر ئۆزىنىڭ بىلقۇتجان بىلەن مۇڭدىشىش پۇرسىتىنىڭ ئازىيىپ قالغانلىقىنى، كۆپرەك سىردىشىش، پىكىر ئورتاقلىقى ھاسىل قىلىش ئۈچۈن بىر-بىرى ئېمىدا دائىم سۆھبەتلىشىپ تۇرۇش كېرەكلىكىنى بىردىنلا ھېس قىلىپ قالدى.

قانداق تېمىدا سۆھبەتلىشىش كېرەك؟ مۆھتەرەم بوۋاي كۆپ ئويلاندى. ئۇنىڭ ئۈچۈن ئەنئەنىۋى ئۆرپ ـ ئادەت ھەققىدە سۆزلەش، ھەر خىل ئىبرەتلىك ھېكايەتلەرنى سۆزلەش، بۇ ئارقىلىق بىلقۇتجانغا ھايات تەربىيەسى بېرىش ئەڭ ھۇزۇرلۇق ئىشلاردىن ھېسابلىناتتى. بۇلارنىمۇ ئىلگىرى بىر قۇر سۆزلەپ تۈگەتتى. ئەمدى يەنە قايسى تېمىدا سۆزلەپ بەرسە بولار؟

مۆھتەرەم بوۋاي كۆپ ئويلاندى. ئۆزى بىلىدىغان، ياخشى كۆرىدىغان ساھەلەرنى بىر قۇر ئەسلەپ باقتى، ئاخىر بىردىنلا كاللىسى پاللىدە يورۇپ كەتكەندەك بولدى. «توغرا! — دېدى ئۇ قىن ـ قىنىغا پاتماي خۇشال بولۇپ، — گەپنى مەسەلدىن باشلاش كېرەك. چۈنكى، مەسەل قىسقا، مېغىزلىق، شۇنداقلا تەربىيەۋى ئەھمىيىتى ناھايىتى چوڭ بىر ئەدەبىي تۈر. بۇ ھەقتە سۆزلەپ بەرسەم ھەم ماڭا ئېغىر كەلمەيدۇ، ھەم ئوقۇش پۇتكۈزۇشكە بىر نەچچە ئايلا قالغان بىلقۇتجانغىمۇ ئېغىر كەلمەي-

دۇ. ئۇنىڭ ئۇستىگە ئىككىمىزنىڭ مۇڭدىشىش پۇرسىتىنى كۆ-پەيتىدۇ. توغرا ـ توغرا... گەپنى مەسەلدىن باشلاش كېرەك...!»

مۆھتەرەم بوۋاي بىر قارارغا كەلگەندىن كېيىن بىردىنلا روھلىنىپ كەتتى. ئۇ خۇشال ھالدا ئۆي ئىچىدە بىر دەم ئۇياق-تىن بۇ ياققا ماڭغىلى تۇردى، بۇمۇ بولمىغاي بىنادىن تۆۋەنگە چۈشتى ـ دە، بىر نەچچە قوشنىسى بىلەن پاراڭلاشقاچ، بىلقۇت-جاننىڭ مەكتەپتىن قايتىپ كېلىشىنى تەقەززالىق بىلەن كۈ-تۈشكە باشلىدى.

بىر ەر سائەتتىن كېيىن بىلقۇتجان خۇشال ھالدا مەكتەپتىن قايتىپ كەلدى. مۆھتەرەم بوۋاي ئۇنى كۆرۈپ شۇنچىلىك خۇشال بولۇپ كەتتىكى، ئۆزىنى زادىلا بېسىۋالالماي قالدى. بىلقۇتجا-نىڭ قولىدىن يېتىلىگىنىچە ئۆيگە باشلاپ كىرىپ، ئۇنىڭغا ئاغزى بېسىقماي سۆزلەپ كەتتى.

ـــ جېنىم بوۋا!، ـــ دېدى بىلقۇتجان ئاخىر بولالماي، ـــ مەن ئەمدىلا مەكتەپتىن قايتىپ كەلدىم، ئالدى بىلەن كىيىملى-رىمنى ئالماشتۇرۇۋالاي، ئاندىن زەھەردەك ئېچىپ كەتكەن قور-سىقىمنى ئازراق ئەسترلىۋالاي، ئاندىن پاراڭلاشساق قانداق؟

مۆھتەرەم بوۋاي بىرئاز مەڭدەپ قالدى ـ دە، قاقاھلاپ كۈلۈپ كەتتى:

ـــ ھەي، ئېسىم قۇرۇسۇن، مەن نېمەدەپ بۇنى خىيالىمغا كەلتۈرمىگەندىمەن؟ سەن دېگەن كۈندىن ـ كۈنگە بوي تارتىپ ئۆسۈۋاتقان بالا تۇرساڭ، كەل ـ كەل، كىيىمىڭنى ئالماشتۇ-رۇپ، ئازراق بىر نەرسە يەۋال.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com


بىلقۇتجان مومىسى تەييارلىغان چايدىن ئىچىپ، ئازراق پىر-چىنە - پىرەنىك يەپ قورسىقىنى ئەستەرلىگەندىن كېيىن، بو-ۋىسىغا قارىدى. مۆھتەرەم بوۋاي بىلقۇتجاننى ھوجرىسىغا باشلاپ كىرىپ، ئولتۇرغۇزغاندىن كېيىن:

— ھە، جېنىم بالام، مېنىڭ پاراڭلىرىمنى سېغىنىپ قال-غانسەن؟ — دېدى قىزغىنلىق بىلەن.

ئەقىللىق بىلقۇتجان بوۋىسىنىڭ نېمە دېمەكچى بولغانلىقىنى دەرھال پەملىۋالدى - دە، تومشۇقىنى ئوچلاپ:

— سېغىنمايچۇ، لېكىن سىز مېنى تاشلىۋەتتىڭىزغۇ - تاڭ! — دېدى.

— ئۇنداق ئەمەس، — دېدى بوۋاي قىزارغان ھالدا، — مەن مۇشۇ كۈنلەردە سەن بىلەن بىرەر ئەھمىيەتلىك تېمىدا پاراڭلى-شىشنى ئويلاپ يۈردۈم. ئەمەلىيەتتە، مەنمۇ سەن بىلەن مۇڭدى-شىشنى بەك سېغىندىم.

بىلقۇتجاننىڭ كۆزلىرى ياغ قۇيغان چىراغدەك يورۇپ كەت-تى:

— بوۋا، جېنىم بوۋا، بىرەر ياخشى تېما ئويلاپ تاپقان ئوخشىمامسىز؟ تېزرەك سۆزلەپ بېرىڭە!

— تاپتىم - تاپتىم ...! — دېدى مۆھتەرەم بوۋاي ئامراقلىق بىلەن بويىنىغا ئېسىلغان بىلقۇتجاننى ئەركىلەتكەن ھالدا، — مەن ساڭا مەسەل سۆزلەپ بەرمەكچىمەن، جېنىم بالام. قانداق، ئاڭلىغۇڭ بارمۇ؟

بىلقۇتجان بىر دەم تېڭىرقاپ تۇرۇپ قالغاندىن كېيىن،

كەسكىنلىك بىلەن:

— جان دەپ ئاڭلايمەن بوۋا! — دېدى.

— ئۇنداق بولسا كەچلىك تاماقتىن كېيىنلا باشلايلى، بولامدۇ؟

بىلقۇتجان رايىشلىق بىلەن باش لىڭشىتتى.

ئۇلار كەچلىك تاماقتىن كېيىن كۆڭۈللۈك جەم بولغاندىن كېيىن، مۆھتەرەم بوۋاي كۆپ ساقلاتمايلا، تۆۋەندىكى مەسەلنى باشلىدى.



ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



# ئىت ۋە ئۇنىڭ كۆلەڭگىسى

بىر كۈنى بىر ئىت ئاغزىدا بىر پارچە سۆڭەكنى چىشلىگەن ھالدا، تارغىنا كۆۋرۈكتىن ئۆتۈپ كېتىۋېتىپ ئۆستەڭ سۈيىدە بىر ئىتنى كۆرۈپ قاپتۇ. سۇدىكى ئىتنىڭمۇ ئاغزىدا بىر پارچە سۆڭەك بار ئىكەن. ئاچ كۆز ئىتنىڭ بۇ سۆڭەككە كۆزى چۈشۈپ ئۆستەڭدىكى ئىتنى بىر پەس پايلاپ تۇرۇپتۇ ـ دە، ئۆزىنى پول-تۇڭگىدە سۇغا ئېتىپتۇ. سۇ ئىچىدە بىر پەس ھەپىلىشىپ، ئاز-دىن سۇ ئۇستىگە چىقىپتۇ. ئەتراپتا ئىتمۇ، باشقا بىرەر نەر-سىمۇ كۆرۈنمەپتۇ. جىلە بولۇپ ھاۋشىغانىكەن، ئاغزىدىكى سۆ-ڭەكمۇ سۇ تېگىگە چۆكۈپ كېتىپتۇ. ئەسلىدە، ئاچ كۆز ئىت ئۆستەڭدە ئۆزىنىڭ كۆلەڭگىسىنى كۆرگەنىكەن. ئۇنى باشقا بىر ئىتمىكىن دەپ ئويلاپ، ئۇنىڭ ئاغزىدىكى سۆڭەكنى تارتىۋېلىش غەرىزىدە ئۇنىڭغا ئېتىلغانىكەن. نەتىجىدە ئۆزىنىڭ ئاغزىدىكى سۆڭەكتىنمۇ قۇرۇق قاپتۇ.

مۆھتەرەم بوۋاي مەسەلنى سۆزلەپ بولغاندىن كېيىن، «نې-مىنى چۈشەندىڭ؟» دېگەن مەنىدە بىلقۇتجانغا قارىدى. بىلقۇتجان گېلىنى قىرىپ قويۇپ:

— بوۋا، ئىت ئاچ كۆزلۈك قىلغان بولغاچقا، ئاخىر ئۆزى-نىڭ تېگىشلىك نېسىۋىسىدىنمۇ قۇرۇق قالدى، شۇنداقمۇ؟ —

دېدى.

— توغرا، ئاچ كۆزلۈك ئىنتايىن يامان ئادەت، ئۇ ئادەمنىڭ روھىيىتىدە ئەزۋەيلەپ كەتسە، نۇرغۇن ئەخمەقلىقلەرنىڭ يۈز بېرىشىگە سەۋەبچى بولۇپ قالىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن شۈكۈر - قانائەت قىلىشنى ئۆگىنىش، باشقىلارنىڭ نېسىۋىسىگە كۆز قىزارتماسلىق، ئادىل، ھەققانىي بولۇش كېرەك. شۇنداق قىلغاندىلا تىنچ، خاتىرجەم تۇرمۇش كەچۈرگىلى، باشقىلارنىڭ ھىمايىسىگە، مېھىر - مۇھەببىتىگە، قەدىرلىشىگە ئېرىشكىلى بولىدۇ. چۈشەندىڭمۇ بالام؟

— چۈشەندىم، بوۋا!

— ئەمدى بۆرىنىڭ ياۋۇزلۇقى ۋە كالىنىڭ ئەخمەقلىقى ھەققىدىكى مەسەلگە قۇلاق سال! — دېدى بوۋاي ۋە سۆزلەپ كەتتى.



# ياۋۇز بۆرە بىلەن ھاماقەت كالا

ئوتلاقتا ئىككى كالا ئوتلاپ يۈرگەنىكەن. بىر بۆرە ئۇلارنى كۆرۈپ قېلىپ، بەكمۇ يايراپ كېتىپتۇ، ھەمدە پۇرسەتنى غەنىيمەت بىلىپ كالىغا ھۇجۇم قىپتۇ. كالىلار ياندىشىپ كېلىپ مۈڭگۈزلىرى بىلەن ئۈسۈپ بۆرىنى قوغلاپتۇ. بۆرە كالىلارنىڭ بىرلىك - ئىتتىپاقلىقىنى كۆرۈپ كەينىگە چېكىنىپتۇ ۋە كالىلارنى يېيىش ئۈچۈن ھىيلە - مىكىر ئىشلەتمەكتىن باشقا چارە يوقلۇقىغا كۆزى يېتىپتۇ.

بۆرە كالىلارنىڭ بىرىگە يېقىنلىشىپ مۇنداق دەپتۇ:

— ئەزىزىم، ماڭا قارا، مۇشۇ گۈزەل ئوتلاقنى ساڭا تەقدىم قىلىمەن. شېرىن - مەززىلىك ئوت - چۆپلەرنى خالىغىنىڭچە يېگىن. ئاۋۇ قوڭۇر كالىدىن ئايرىلىپ ئۇنى تاشلىۋەتسەڭلا بولغىنى.

ھاماقەت كالا بۆرىنىڭ ھىيلىسىگە ئالدىنىپ قەدىناس دوستىنى تاشلاپ، يىراققا كېتىپتۇ. شۇنداق قىلىپ بۆرە ئۆكۈزلەرنىڭ ئوتتۇرىغا بۆلگۈنچىلىك سېلىپ، بىر - بىرلەپ قورسىقىنى يېرىپ يەپتۇ.

— ھەي ئەخمەق كالا، نېمىشقىمۇ ھەمراھىڭغا ئاسىيلىق قىلغانسەن! — دېدى بىلقۇتجان غەزىپىنى زادىلا باسالماي، —

ئەگەر داۋاملىق بىرلەشكەن بولساڭلار، بۆرە سىلەرنى نېمە قىلالايتتى؟! ئەمدى خوپ بولدىمۇ؟...!

— بولدى، ئۆزۈڭنى بېسىۋال، — دېدى مۆھتەرەم بوۋاي بىلقۇتجانغا هاي بېرىپ، — بىر يەكدىن قول، بىر ياقىدىن باش چىقىرىشنى بىلمىگەن، بىرلىك - ئىتتىپاقلىقنىڭ قەدرىگە يەتمىگەن هاماقەتلەر ئەنە شۇنداق ئېچىنىشلىق ئاقىۋەتكە قالىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، مەيلى قانداق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، بىرلىك - ئىتتىپاقلىقتىن، هەمكارلىقتىن قول ئۈزمەسلىك كېرەك. شۇنداق قىلغاندىلا، تىنچ ۋە خاتىرجەم ياشىغىلى، هەر - قانداق ئارزۇسىغا يەتكىلى بولىدۇ.

بىلقۇتجان مەسەلىنىڭ مەنىسىگە ئەمدى چۈشەنگەندەك، بېشىنى قايىللىق بىلەن لىڭشىتتى. مۆھتەرەم بوۋاي مۆڭگۈزىگە ئېشىنىپ، پۈتىدىن نومۇس قىلغان بۇغا هەققىدىكى مەسەلنى ئېيتىشقا باشلىدى.



# مۈڭگۈزگە ئىشىنىپ، پۇتىدىن نومۇس قىلغان بۇغا

ئۇسساپ كەتكەن بىر بۇغا سۇ ئىچمەكچى بولۇپ بىر ئېرىق-نىڭ بويىغا كەپتۇ. سۇدا ئۆزىنىڭ مۈڭگۈزلىرىنى كۆرۈپ، بەك سۆيۈنۈپتۇ. لېكىن پۇتلىرىنى كۆرۈپ ئۆز - ئۆزىگە:

— ئەپسۇسكى، پۇتلىرىم ئىنچىكە ھەم كۆرۈمسىز - دە، — دەپتۇ مەيۇسلىنىپ.

شۇ پەيتتە، بىر ئوۋچى كېلىپ قېلىپ ئۇنى ئاتماقچى بوپتۇ. بۇغا قېچىپ ئورمانغا كىرىپتۇ. ئوۋچى ئىزىدىن قالماي قوغلاپ-تۇ. بۇغا قېچىپ قۇتۇلۇش ئۈچۈن، ئورماننىڭ ئىچكىرىدىكى دەل - دەرەخلەر قويۇق ئۆسكەن جايىغا كىرمەكچى بوپتۇ. لېكىن، مۈڭگۈزلىرى دەرەخ شاخلىرىغا ئىلىنىپ قېلىپ، ئۇنىڭ ئىتتىك يۈگۈرۈشىگە كاشىلا بوپتۇ. بۇغا ئاخىر ئورماننىڭ ئىچكىرىسىگە كىرىپ يوشۇرۇنغاندىن كېيىن، ئىشىنىڭ تېگى - تەكتىگە يېتىپ ئۆز - ئۆزىگە: «مەن تازا ئەخمەق ئىكەنمەن. ئىنچىكە ۋە كۆرۈم-سىز دەپ پۇتلىرىمنى ياقتۇرمايتتىم، لېكىن مېنى دۈشمەندىن ئاشۇ پۇتلىرىم قۇتۇلدۇرۇپ قالدى. مېنىڭ ئامراقلىقىم كېلىپ سۆيۈنۈپ يۈرگەن مۈڭگۈزلىرىم بولسا، مېنى ئۆلۈمگە تۇتۇپ بەرگىلى تاس - ماس قالدى» دەپ ئەقلىنى تېپىپتۇ.

مەسەل ئاخىرلاشقاندىن كېيىن، مۆھتەرەم بوۋاي:

— بۇ ھاياتىي دۇنيادا، خۇددى مانا مۇشۇ بۇغىغا ئوخشايدى-غان كىشىلەر باركى، ئۇلار ئۆزىگە ھەقىقىي ئەسقاتىدىغان نەر-سىلىرىنى چۈشەنمەيدۇ ۋە قەدرىگە يەتمەيدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئا-خىر تۈگىمەس پۇشايمان ئوتىدا پۇچىلىنىدۇ. بۇنداق پۇشايمانغا قالماسلىق ئۈچۈن، ھەركىم ئۆزىنى ئەتراپلىق چۈشىنىشى، ئىقتىدارىغا، قابىلىيىتىگە ھۆكۈم قىلىشى ۋە شۇ بويىچە نىشان بەلگىلەپ بىرەر نەتىجە قازىنىشقا كىرىشىشى كېرەك. شۇنداق قىلغاندىلا، ياشاشنىڭ ئەھمىيىتىنى تولۇق چۈشەنگىلى، ھاياتنى تېخىمۇ گۈزەل مەنىلەرگە تولدۇرغىلى بولىدۇ.

— بوۋا، مەن ئەمدى چۈشەندىم، بۇنىڭدىن كېيىن مەن با-يىقى سۆزىڭىزگە تولۇق ئەمەل قىلىشقا تىرىشىمەن، — دېدى بىلقىۇتجان.

— ئۇنداقتا، مەسەلدىن يەنە بىرنى ئاڭلا! — دېدى مۆھتە-رەم بوۋاي.



ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



## بىرىنچى بولۇپ...

قەدىمكى زاماندا بىر كەمبەغەل كىشى ئۆتكەنىكەن. ئۇ كۈننى ئۆتكۈزۈش ئۈچۈن بىر باينىڭ ئۆيىدە ئىشلەشكە ياللىنىپتۇ. ئۇنى ياللىغۇچى بىر كۈنى ئۇنى ئالدىغا چاقىرىپ:

— ھاي مالاي، بۈگۈن مەن دەريانىڭ ئۇ قېتىدىكى كەنتكە تويغا بارىمەن، سەن چىقىپ ئاتنى توقۇپ كەل، سەنمۇ ئېتىمنى يېتىلەپ مېنىڭ بىلەن بىللە تويغا بارىسەن. لېكىن ئالدىمدا ماڭماي، ئەدەپ يۈزىسىدىن ئارقامدا ماڭىسەن. پەقەت ئاتنىڭ مېنى ئېلىپ قاچماسلىقى ئۈچۈن، چۇلۋۇرىنى ئۇزۇن قويۇپ بېرىپ، ئۇچىنى مەھكەم تۇتۇپ ماڭساڭ بولىدۇ. تويغىمۇ مەن ئادەت بويىچە بۇرۇن كىرىمەن، سەن ئېتىمنى يېتىلەپ سوۋۇتۇپ باغلاپ قويۇپ، ئاش تارتىلغان ۋاقىتتىلا كىرسەڭمۇ ئۈلگۈرىسەن. بۇ ئىش بۈگۈنلا ئەمەس، ھەر قاچان، ھەر زامان شۇنداق بولىدۇ. سەندىن بۇرۇنقىلارمۇ شۇنداق قىلغان. بۇ گەپنى ئوبدان ئېسىڭدە ساقلا، بولمىسا بۇ ئەدەپسىزلىكىڭ ئۈچۈن كۆرگۈلۈكۈڭنى كۆرۈسەن، — دەپ تاپىلاپتۇ.

كەمبەغەل كىشى چىقىپ، باينىڭ ئېتىنى ئېگەرلەپتۇ. باي ئېتىغا مىنىپ مېڭىپتۇ. ئۆيىدىن سەھەردە چىققانلىقى ئۈچۈن، دەرياغا تېخى سۇ كىرمىگەن چاغدا ئۇ تەرەپكە ئۆتۈپ توي

بولغان ئۆيگە يېتىپ بېرىپتۇ. باي ئېتىنى كەمبەغەللىكە يېتىلەشكە تاشلاپ بېرىپ، ئۆزى كۈتۈپ تۇرغان جامائەتنى باشلاپ ئالدىدا مېڭىپ سورۇنغا كىرىپ كېتىپتۇ. كۈن يانغاندا توي تۈگەپتۇ. باي ئالدىدا چىقىپ ئېتىغا مىنىپتۇ، مالاي ئاتنى يېتىلەپ مېڭىپتۇ. دەريا بويىغا كەلسە، دەرياغا سۇ تولۇپ كەتكەن. قايتىپ كېتىشكە باينىڭ كۆڭلى ئۇنىماپتۇ، ئۆتۈپ كېتىشكە كۆزى يەتمەپتۇ، شۇنىڭ بىلەن بېشى قېتىپ مالايغا قاراپتۇ ۋە:

— ھاي مالاي، بۇ نۆۋەت سەن مېنىڭ ئالدىمغا چۈشۈپ، تېز يەردىن ئېتىمنى يېتىلەپ ماڭ! مېنىڭ دەريادىن ئۆتۈۋېلىشىمغا ياردەم قىلىپ يول ئاچ! — دەپتۇ.

— تەقسىر، تېخى ئەتىگەنلا سىلى «ھەر قاچان، ھەر زامان سەن مېنىڭ ئالدىمغا ئۆتمەيسەن، بولمىسا، بۇ ئەدەپسىزلىكنىڭ ئۇچۇن كۆرگۈلۈكۈڭنى كۆرۈسەن!» دېگەنىدىلە، ئەمدى تەقسىر، ئۆزلىرى ئېيتىپ باقسىلا، مەن سىلىنىڭ ئالدىلىرىدا سۇغا كىرسەم، ئەدەپسىزلىك بولمامدۇ؟ بۇ يەردىمۇ ئۆزلىرىنىڭ سۆزلىرىگە ئەمەل قىلىپ، ئالدىدا يول باشلاپ كىرىپ بەرسىلە. مەن ئارقىلىرىدىن ئاتنىڭ چۇلۋۇرىنى تۇتۇپ ماڭاي، — دەپتۇ.

— ياق! مەن سېنى توي - تۆكۈن، نەزىر - چىراغقا بارغاندا، سورۇنغا مېنىڭ ئالدىمدا كىرمە دېگەن. سۇغا ئالدىدا كىرمە دېگىنىم يوق! — دەپتۇ باي ۋە سۆزىنى داۋام قىلىپتۇ، — سۇغا، بولۇپمۇ بۇنداق كەلكۈن سۇغا سەن ئالدىمدا يول باشلاپ كىرىپ، كېچىك تېپىپ ماڭمىساڭ بولمايدۇ!

— ئۇنداق بولسا، — دەپتۇ مالاي، — ئاتتىن چۈشسىلە،

مەن ئاتنى مىنىپ كىرەي. بۇنداق كىرسەم، سۇغا چۆكۈپ كېتىپ قېلىپ، سىلىگە كۆرۈنمەي قالىمەن! سىلى قورقسىلا ئاتنىڭ چۇلغۇرىغا ئېسىلىۋالسىلا! بولمىسا، مەن قايتىپ چىققىچە تۇرۇپ تۇرسىلا!

باينى ئېغىر خىجىلچىلىق بېسىپتۇ. مالاينى ئاتلىق ئالدىمغا سالسام، مالاي سۇدىن ئۆتۈپ كېتىپ قالسا، ئاتتىنمۇ، جاندىنمۇ ئايرىلىمەن. ئەڭ ياخشىسى، ئۆزۈم ئاتلىق سۇغا چۈشسەم، ئات ئۈزۈپ ئېلىپ چىقىشى مۇمكىن، ئۇ چاغدا مەن زىيان تارتمايمەن دەپ ئويلاپ، ئاخىرى:

— ئاتنىڭ چۇلغۇرىنى قويۇپ بەر. ئۇنى تۇتۇۋالساڭ ئات ماڭالمايدۇ، — دەپ، ئېتىنى سۇغا ساپتۇ، مالاي سۇ بويىدا، باينىڭ سۇدىن ئۆتۈشىنى كۆزىتىپ تۇرۇپ قاپتۇ. باي سۇنىڭ ئوتتۇرىسىغا بارغاندا ئېتى سۇغا چۆكۈشكە باشلاپتۇ. باي ئارقىسىغا قايرىلىپ:

— ھاي مالاي، كەل! ئات چۆكۈپ كەتتى، مېنى قۇتقۇزۇۋال! بۇندىن كېيىن، مەن ھەرقاچان، ھەر ماكاندا سېنىڭ ئالدىڭدا ماڭماسلىققا قەسەم قىلاي، — دەپ يېلىنىپتۇ.

— ۋاي تەقسىر، بۇرۇنمۇ بۇ دۇنيادا سىلى ھېچكىمنى ئالدىلىرىغا ئۆتكۈزمىگەن، ئەمدى ئۇ دۇنياغا بارىدىغان چاغدا مېنى ئالدىلىرىغا سېلىۋالسىلا ياخشى بولمايدۇ. ئۆزلىرى دەپ كېلىۋاتقان پېلىسىرات كۆۋرۈكىدىنمۇ ئامان - ئېسەن ئۆتەلمەيلا، شۇنىڭ ئۈچۈن، ھېلىمۇ مېنىڭ ئالدىمدىراق ئۇ دۇنياغا بېرىپ تۇرغانلىرى تۈزۈك. چۈنكى ئۇ يەردىكىلەرمۇ سىلىنى ئالدىغا

ئۆتكۈزۈش ئۈچۈن تەقەززالىق بىلەن كۈتۈپ تۇرماقتا ! ــ دەپتۇ كەمبەغەل كىشى.

باي بۇ گەپنى ئاڭلاپ جاۋاب قايتۇرغىچە، بىر دولقۇن كېلىپ ئۇنى يۇتۇپ كېتىپتۇ.

ــ بوۋا، بۇ مەسەلدىن، «ئەخمەق ۋە جاھىل كىشى ئۆز بېشىنى يەيدۇ» دەپ خۇلاسە چىقارساق بولىدىكەن جۇمۇ ! ــ دېدى بىلقۇتجان.

ــ دەل جايىنى تاپتىڭ ! ــ دېدى مۆھتەرەم بوۋاي ھاياجانلىنىپ، ــ تۆۋەندىكى مەسەلمۇ بۇ سۆزۈڭنى ئىسپاتلايدۇ.



ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



# كېپىنەكنىڭ خورازنى يېڭىشى

بۇرۇننىڭ بۇرۇنىسىدا، كىچىك بىر ھايۋانلار كەنتىدە مىجەزى ئوسال، قائىدە - يوسۇن بىلمەيدىغان بىر پوقرا بار ئىكەن، ئۇ ھەمىشە ئۆزىنى دۇنيادا ئەڭ كۈچلۈك دەپ ماختىنىدىكەن.

ئۇ پوقرا خوراز ئىكەن.

خوراز ھەممىلا يەردە يولسىزلىق قىلىپ، ھەمىشە كەنت ئاھالىلىرىنىڭ مېكىير جاپادا تېرىغان ئۇرۇقلىرىنى تاتىلاپ چىقىرىپ يەۋېتىدىكەن.

شۇ سەۋەبتىن بولسا كېرەك، پاقا بىلەن چېكەتكە ئۇنى تەڭداشسىز كۈچلۈك، دەپ قاراپ، ئۇنىڭدىن ئۆلگۈدەك قورقىدىكەن، ئۇنى كۆرگەن ھامان يوشۇرۇنىۋالىدىكەن.

بىر كۈنى، كېپىنەك ئۆزىنىڭ گۈللۈكىدە گۈللەرنى تاماشا قىلىۋاتسا، خوراز كەپتۇ. خوراز قانات قېقىپ ئېگىز ئۆسكەن گۈللەرنىڭ ئۈستىگە سەكرەپ چىقىپ، چىرايلىق گۈل - چېچەكلەرنى چەيلەپ نابۇت قىلىشقا باشلاپتۇ. بۇ ئىشقا كېپىنەكنىڭ بەك ئاچچىقى كەپتۇ.

— نېمىشقا مۇنداق قىلىسەن؟ — دەپتۇ كېپىنەك خوراز بىلەن ئېلىشىشقا تەييارلىنىپ.

— كېپىنەك، سەن خوراز بىلەن ئېلىشىمەن دىمە، ئەڭ ياخ-

شىسى ئاچچىقىڭغا هاي بەرگىن، ــ دەپ نەسىھەت قىپتۇ دوستلىرى ئۇنىڭغا.

ــ ئەگەر ئۇنىڭغا مۇشۇنداق يول قويۇۋەرسەك، بىزگە مەڭگۈ ئاراملىق يوق، ــ دەپتۇ كېپىنەك.

ئۇ دوستلىرىنىڭ قايتا ـ قايتا نەسىھەت قىلغىنىغا قارىماي خورازغا قاراپ ئۇچۇپتۇ.

خوراز كېپىنەككە مەنسىتمەسلىك بىلەن قاراپ:

ــ نېمەڭگە ئۆزۈڭنى چاغلىماي شىلتىڭ ئاتىسەن؟ كېلە، ئۇچلۇق پەنجەمنىڭ كارامىتىنى بىر كۆرۈپ قوي! ـ دەپتۇ.

ئۇ شۇنداق دېگىنىچە، تايىقىنى كۆتۈرۈپ، كېپىنەككە قاراپ بوراندەك ئېتىلىپتۇ. كېپىنەك دەرھال ئاسمانغا كۆتۈرۈلۈپتۇ. خورازنىڭ تاشقا تەگكەن تايىقى «تارس» قىلىپ سۇنۇپ كېتىپ-تۇ.

خورازنىڭ بەك ئاچچىقى كەپتۇ. ئۇ قاناتلىرىنى كەڭ كېرىپ ئۇچۇپ كېپىنەكنى قوغلاپتۇ، ئۇچۇپ كېتىۋېتىپ:

ــ سەن ئۇچساڭ ، مەنمۇ ئۇچالايمەن! سەن مېنىڭدەك تېز ئۇچالمايسەن! ــ دەپ ۋارقىراپتۇ.

كېپىنەك كۈچىنىڭ بارىچە ئۇچۇپتۇ. ئۇچۇپ بىر ئورمانغا بارغاندا، بىر ئاق تېرەكنىڭ ئاچىمىقىدىن ئۆتۈپ كېتىپتۇ.

خوراز كېپىنەكنى قوغلاپ يېتەيلا دەپ قالغان تۇرسا، قانداقمۇ بولدى قىلسۇن؟ ئۇ دەرەخنىڭ ئاچىمىقىدىن ئۆتمەكچى بولغىنىدا، كۆتۈلمىگەندە ئاچىماققا قىسىلىپ قاپتۇ.

كېپىنەك قايتىپ كېلىپ، گاھ ئۇنىڭ بېشىدىن ئۇچۇپ

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



ئۆتسە، گاھ قۇيرۇقىغا قونۇپ، ئۇنىڭ چىشىغا تېگىپتۇ.

خورازنىڭ ئەرۋاھى ئۇچۇپتۇ. ئۇ ھاسىراپ تۇرۇپ:

— سەن سەكرىيەلىگىنىڭ بىلەن مېنىڭدەك ئېگىز سەكرى-يەلمەيسەن! — دەپتۇ -- دە، دەرەخنىڭ ئاچىمىقىدىن يۇلقۇنۇپ چىقىپ كەينىگە شىددەت بىلەن سەكرەپ، كېپىنەكنى چوقۇلاپ ئۆلتۈرمەكچى بوپتۇ. ئەمما، كېپىنەك دەرھال ئېگىزگە كۆتۈرۈ-لۈپتۇ. خورازنىڭ ئۇرۇنۇشى يەنىلا بىكار كېتىپتۇ. كېپىنەك يە-نە تۆۋەنلەپ، ئۇنىڭ تاجىسى ئۈستىدە سەكرەپ ئويناپ كۈلگىلى تۇرۇپتۇ.

خوراز يېتىپ بىر ئاز ياخشى بولۇپ، كۆزلىرىنى ئېچىپتۇ.

— ھەي ئەقىللىق، گۈزەل كېپىنەك، — دەپتۇ ئۇ كۆزلىرى-نى ئوينىتىپ، — ئاڭلىسام، سەن ئۇستا ناخشىچى ئىكەنسەن، ناخشاڭنى بەكمۇ ئاڭلىغۇم بار، ئالدىمغا كېلىپ بىر ناخشا ئېيـ-تىپ بېرەلەمسەن؟

— نېمىشقا ئالدىڭغا بېرىپ ناخشا ئېيتىپ بېرىدىكەنمەن، خوراز تاغا؟ — دەپتۇ كېپىنەك گۈل بەرگىلىرى ئارىسىدا ئۇس-سۇل ئويناپ.

— ھوي، سەن ئۇسسۇلنى قالتىس ئوينايدىكەنسەنغۇ! شۇڭـ-دىسى، ئېنىق كۆرەلمەيۋاتىمەن، سەن بەكلا يىراقتا تۇرۇۋاپسەن، — دەپتۇ خوراز ۋە پەنجىلىرىنى يۆتكەپ ئاستا ل ئاستا ئالدىغا سىلجىپتۇ.

ئۇ يېقىنلاپتۇ، يېتەيلا دەپ قاپتۇ. ئاندىن بىردىنلا سەكرەپ، كېپىنەككە تاشلىنىپتۇ. لېكىن، كېپىنەكنىڭ تەييارلىقى بول-غاچقا، شارتتىدە ئاسمانغا كۆتۈرۈلۈپتۇ -- دە، لەرزان پەرۋاز قىل-

غىنىچە تاغ باغرىغا ئۇچۇپ كېتىپتۇ.

كەينى ـ كەينىدىن ئۈكۈشىسىزلىققا ئۇچراۋەرگەن خوراز ئە-سەبىيلەشكەن هالدا ئۆز كۆكرىكىنى مۇجۇپتۇ، ئاندىن ئورنىدىن تۇرۇپ، ئۇلەر– تىرىلىشىگە باقماي تاغ باغرىغا ئېتىلىپتۇ، ئەمما «پۇلتۇك» قىلغان ئاۋاز بىلەن تەڭ، تاغ باغرىدىكى بىر كۆلچەككە چۇشۇپ كېتىپ، ئۇستىبېشى لايغا مىلىنىپتۇ. شۇنداق قىلىپ، جاهانغا پاتماي قالغان خوراز شۇنچە بىچارە هالغا چۇشۇپ قاپتۇ. ئۇنىڭ هەرە چېشىسىمان قىپقىزىل تاجى-دىن سۇ تامچىلىرى ئېقىپتۇ. پاقىراق ئەۋرىشىم پەيلىرىمۇ چى-لىق – چىلىق هۆل بولۇپ كېتىپتۇ.

خوراز كۆلچەكتىن سەكرەپ چىقىپتۇ. ئاندىن ئۇچلۇق تۇم-شۇقىنى تاشقا سۇركەپ بىلەپتۇ.

بۇ چاغدا كېپىنەك چاتقاللىقتىن ئۇچۇپ ئۆتۇپ، ئېگىز قى-يانىڭ ئۇستىگە كۆتۇرۇلۇپتۇ . بۇنى كۆرگەن خوراز ئاخىرقى كۇچىنى يىغىپ، قوغلاپ ئۇچۇپتۇ. ئەمما، ئۇ يەنىلا كېپىنەكنى تۇتالماپتۇ. ئاخىر ماغدۇرىدىن كېتىپ، قىيانىڭ تېگىگە دومىلاپ چۇشۇپ ئۆلۇپتۇ.

شۇنىڭدىن ئېتىبارەن، كىچىك هايۋانلار كەنتىدىكى ئاهالى-لەر تىنچ، خاتىرجەم تۇرمۇش كەچۇرۇپتۇ. كېپىنەكنىڭ گۇللۇ-كىدە تېخىمۇ كۆپ گۇللەر ئېچىلىپ، تېخىمۇ كۆركەملىشىپ كېتىپتۇ.

— بۇ مەسەل هەققىدە كۆپ توختىلىشنىڭ ئورنى يوق، — دېدى مۆهتەرەم بوۋاي، — يەنە بىر قىزىقارلىق مەسەل بار، شۇ-نىڭغا قۇلاق سال!

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



## ئۆي كۆچۈش

بۇرۇنقى زاماندا بىر دانىشمەن بولۇپ، ئۇ جىمجىتلىقنى خالايدىغان ئادەم ئىكەن. ئەمما، ئۇنىڭ ئوڭ تام قوشنىسى مىس-كەر، سول تام قوشنىسى تۆمۈرچى بولۇپ، ئەتىگەندىن كەچكىچە «جاڭ ـ جۇڭ»، «تاڭ ـ تۇڭ» قىلغان ئاۋازلار ھېچ ئارامىلىق بەرمەيدىكەن. شۇڭا، ئۇ قايغۇرغان ھالدا:

ــ بۇ ئاۋازلارنىڭ دەستىدىن پەقەت ئىلىم تەھسىل قىلال-مايۋاتىمەن! ئەگەر بۇ ئىككى قوشنام كۆچۈپ كېتىشكە ئۇنىسا، كاتتا زىياپەت ئۇيۇشتۇرۇپ بېرەتتىم !ــ دەپتۇ.

بىر كۈنى، ئىككى دۇكاننىڭ خوجايىنلىرى دانىشمەننىڭ ئۆ-يىگە پەتە قىلىپ كىرىپتۇ.

ــ بىز ئىككى ئائىلە بىرلا ۋاقىتتا كۆچمىز، سىز زىياپەت بېرىدىغانلىقىڭىزنى ئېيتقانىدىڭىز، قېنى ئەمدى زىياپىتىڭىزنى بېرىڭ! ــ دەپتۇ ئۇلار.

دانىشمەن خوشال بولۇپ، شۇئان ئۇلاردىن:

ــ قاچان كۆچىسىلەر؟ ــ دەپ سوراپتۇ.

ــ ئەتە، ــ جاۋاب بېرىپتۇ ئۇلار.

دانىشمەن خۇشلۇقىدا ئۆزىنى قويىدىغانغا يەر تاپالماي قاپتۇ. شۇ ئاخشىملا ئۈچ ئائىلە جەم بولۇپ زىياپەت قىلىپ كۆڭۈل

ئېچىپتۇ. سورۇن تارقايدىغان چاغدا، دانىشمەن ئۇلاردىن:

— ئىككىڭلار قەيەرگە كۆچىسىلەر؟ — دەپ سوراپتۇ.

مىسكەرچى بىلەن تۆمۈرچى تەڭلا جاۋاب بېرىپتۇ:

— مەن ئۇنىڭ ئۆيىگە كۆچىمەن، ئۇ مېنىڭ ئۆيۈمگە كۆچىدۇ!

مەسەل ئاخىرلاشقاندىن كېيىن، بوۋاي بىلەن بىلقۇتجان تەڭلا قىيقاس سېلىپ كۈلۈپ كېتىشتى. بىر هازادىن كېيىن بىلقۇتجان:

— بوۋا، مەن بىلەلمەيلا قالدىم، بۇ مەسەلدىكى كىشىلەردىن زادى كىم ئەخمەق؟ — دەپ سورىدى.

— قارىماققا، هەممىسى ئەخمەقتەك بىلىنىدۇ. ئەمەلىيەتتە، بۇ تۈرمۈش قىزىقلىرىنىڭ بىر قىسمى، ئالدىراپ هۆكۈم چىقىرىشقا بولمايدۇ، — دېدى مۆھتەرەم بوۋاي.

— لېكىن، بۇنىڭدا ئەخمەق قىلىش ۋە ئەخمەق قىلىنىش ئامىلى بار، شۇنداقمۇ؟

— جېنىم بالام، شۇنداق بولمىسا بۇ مەسەلنىڭ قىزىقى بولمايدۇ. ئەمدى بۇنىڭغا قۇلاق سال! — دېدى مۆھتەرەم بوۋاي.



ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com


# ئىككى دۆت

بىر ئائىلىدە ئىككى يىگىت تۇرىدىكەن. بىر كۈنى بىر يىگىت ئۆگزىگە چىقىپ ئاسماندىكى يۇلتۇزلارنى كۆرۈپتۇ ـ دە، بىلىق تۇتىدىغان قارمىقىنى پۇلاڭلىتىپ، يۇلتۇزلارنى قارمىقىغا ئىلىنۋالماقچى بوپتۇ.

بۇنى كۆرگەن يەنە بىر يىگىت ئۇنىڭدىن:

ــ نېمە قىلىۋاتىسەن؟ ــ دەپ سوراپتۇ.

ــ يۇلتۇزلارنى تۇتۇۋاتىمەن! ــ دەپ جاۋاب بېرىپتۇ.

ــ سەن بەكمۇ دۆت ئىكەنسەن! ــ دەپتۇ يەنە بىر يىگىت قاقاقلاپ كۈلۈپ كېتىپ، ــ مۇنداق سېپى قىسقا قارماق بىلەن قانداقمۇ يۇلتۇزلارنى تۇتقىلى بولسۇن؟ سېپى ئۇزۇن قارماق ئەكەلسەڭ ئاندىن تۇتقىلى بولىدۇ!

ــ دۆت ۋە ئەخمەقلەر ھەققىدە كۆپ توختالماي، بۇنىڭدىن يېتەرلىك ئىبرەت ئالغان ياخشى، ــ دېدى مۆھتەرەم بوۋاي، ــ ئەمدى يەنە باشقىسىغا كۆچەيلى.

# گەپ ئاڭلىماس قوزا

باھار، قوي بىلەن قوزا يايلاقتا ئوتلىغىلى چىقىپتۇ، ئۇلار نەگە بارسا بىللە بارىدىكەن. قوي ئەمدىلا ئۈسۈپ چىققان يۇمران ئوت - چۆپلەرنى تاللاپ قوزىغا يېگۈزىدىكەن. بۇ ئوت - چۆپلەر ئاپپاق سۈت رەڭگىدە بولۇپ، يايلاقتا ئاق چېكەتكىلەردەك كۆرۈنىدىكەن. ئۇلار بىر پارچە يەرنىڭ چۆپىنى يەپ بوپتۇ. بۇ چاغدا قوي قوزىغا:

— سەن مەشەدە تۇرۇپ تۇر. مەن بېرىپ ياخشىراق چۆپ بار يەرنى ئىزدەپ باقاي، ساڭا بىر قوڭغۇراق ئېسىپ قوياي، ئەگەر بىرەر خەۋپ - خەتەرگە ئۇچرىساڭ، شۇئان ئۇنى جىرىڭلاتقىن، — دەپتۇ. ئاندىن بىر مىس قوڭغۇراقنى قوزىنىڭ بوينىغا ئېسىپ قويۇپ يولغا مېڭىپتۇ.

ئەمما، ئۇ ئازراق ماڭار - ماڭمايلا،كەينىدىن مىس قوڭغۇراقنىڭ جىرىڭلىغان ئاۋازى ئاڭلىنىپتۇ. قوي ئۆزىنىڭ يۈرەك پارىسى بولغان قوزىغا بۆرە تەگكەن ئوخشايدۇ، دەپ ئويلاپ، دەرھال كەينىگە قايتىپ قوزىنى قۇتۇلدۇرماقچى بوپتۇ.

ئەمما، بېرىپ قارىسا بۆرە كۆرۈنمەپتۇ .

— نېمە بولدى؟ — ئەنسىرىگەن ھالدا سوراپتۇ قوي، — نېمىشقا قوڭغۇراقنى جىرىڭلاتتىڭ؟

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



— بىر چىۋىن يۇتۇمغا قونۇۋالدى، سەن ئۇنى قوغلىۋەت! — دەپتۇ قوزا.

قوي ئۇنى ئەيىبلەپ بىر نەچچە ئېغىز گەپ قىلىپ قويۇپ، يولىغا مېڭىپتۇ .

— مۇھىم ئىش بولمىسا قوڭغۇراقنى جىرىڭلاتما ! — دەپتۇ ماھار چېغىدا ئۇنىڭغا تاپىلاپ.

بىراق،قوي ئانچە ئۇزۇنغا بارمايلا، يەنە قوڭغۇراقنىڭ جىرىڭ-لىغان ئاۋازى ئاڭلىنىپتۇ. ئۇ ئالدىراپ - تېنەپ يېرىپ قارىسا، قوزا كۆزلىرىنى چىمچىقلىتىپ تۇرغۇدەك.

— يەنە نېمە بولدى؟ — سوراپتۇ قوي.

— كۆزۈمگە بىر تال ئوت كىرىپ كەتتى، — دەپتۇ قوزا، — ئۇنى چىقىرىۋەتكىن!

— مەن ماڭاي، ئەمدى ھەرگىز مۇنداق كىچىك ئىشلار ئۈچۈن قوڭغۇراقنى جىرىڭلاتما! — دەپتۇ.

لېكىن، قوي ئەمدىلا بىر تۆپىلىككە يېتىپ بېرىشىغا، قوڭ-غۇراق ئاۋازى يەنە ئاڭلىنىپتۇ.

«قايتىپ بارايمۇ - بارمايمۇ؟» قېرى قوينىڭ كۆڭلى پاراكەن-دە بوپتۇ. ئەمما، يەنىلا چىدىماپتۇ.

قايتىپ بېرىپ قارىسا قوزا ساق - سالامەت تۇرغۇدەك، ھەدەپ سىلكىنىپ ئۇستىبېشىدىكى قۇرۇق ئوتلارنى چۈشۈرۈۋەتمەكچى بولۇۋېتىپتۇ.

— بۇ نېمە ئىش ئەمدى؟ — دەپتۇ قوي، — سەن يەنە كى-چىككىنە بىر ئىش ئۈچۈن قوڭغۇراقنى جىرىڭلىتىپسەن - دە؟

— قورۇق ئوتلار قورسىقىمغا چاپلىشىۋالدى ، ئۇلارنى چۇ-شۇرۇۋەتكىن! — دەپتۇ قوزا.

— ئۆزۈڭ چۇشۇرۇۋەت ! — دەپتۇ ئۇ، — بۇنىڭدىن كېيىن بۇنداق ئەرزىمەس ئىشلارنى دەپ مېنى ئاۋارە قىلما!

قوي گېپىنى تۈگىتىپ يولىغا مېڭىپتۇ.

ئۇ مېڭىپتۇ، مېڭىپتۇ، بىر تاغ چوققىسىدىن ئېشىپتۇ، ياخشىراق يايلاق تاپماقچى بوپتۇ ، ھېرىپ كېتىپ يەردە يېتىپ ئارام ئاپتۇ. ئەمدىلا كۆز يۇمۇشىغا ، يەنە قوڭغۇراقنىڭ ئاۋازى ئاڭلىنىپتۇ.

چوقۇم يەنە ئەرزىمەس بىر ئىش ئۈچۈن جىرىڭلاتقان گەپ! دەپ ئويلىغان قوي كۆزلىرىنى يەنە يۇمۇپتۇ.

كىم بىلسۇن، قوڭغۇراق بارغانسېرى ئەنسىز جىرىڭلاشقا باشلاپتۇ. ئارقىدىن يەنە ئىتنىڭ قاۋىغىنى ئاڭلىنىپتۇ.

«نېمە ئىش بولغاندۇ؟» قوي ئۈچقاندەك چېپىشقا باشلاپتۇ. بېرىپ قارىسا، ئىت بىر بۆرىنى قوغلاۋاتقانىكەن. قوزا بىر چەتتە دىر - دىر تىترىگىنىچە تۇرۇپتۇ. بۆرە ئۇنى يەۋېتىشكە تاسلا قاپتۇ.

— تەلىيىڭ بار ئىكەن، — دەپتۇ قوي قوزىغا، — ئىت قۇ-تۇلدۇرۇۋالمىغان بولسا، بۆرە سېنى يەۋېتەركەن!

بۇ مەسەلنىڭ مەزمۇنى ئېنىق بولغاچقا، مۆھتەرەم بوۋاي ئۇلاپلا يەنە بىر مەسەلنى سۆزلەشكە باشلىدى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



# ئېشەككە ئايلانغان ئادەم

بىر نادان ۋە ساددا كىشى ئېشىكىنىڭ بېشىغا نوختا سېلىپ ئۇنىڭ چۇلۋۇرىدىن تۇتۇپ يېتىلەپ ماڭغانىكەن، بىر توپ ئوغرى ھەييارلار ئۇنى كۆرۈپتۇ. ئۇلارنىڭ ئىچىدىن بىرى باشقىلىرىغا:

— مەن بۇ ئېشەكنى بۇ كىشىنىڭ قولىدىن تۇيدۇرماي ئالىمەن، — دەپتۇ. ئۇنىڭ شېرىكلىرى:

— سەن ئۇنى قانداق قىلىپ ئالىسەن؟ — دەپ سورىشىپتۇ. ئۇ ھەييار شېرىكلىرىگە:

— مەن بىلەن بىللە مېڭىڭلار، ئۇنى قانداق قىلىپ ئالىدىغانلىقىمنى سىلەر ئۆز كۆزۈڭلار بىلەن كۆرۈڭلار، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ. ئۆزى ئاستا ئېشەكنىڭ ئارقىسىدىن مېڭىپتۇ. ئۇ ئوغرى ھەييار ئاخىرى ئېشەككە يېتىشىپ بېرىپ، ئېشەكنىڭ نوختىسىنى ئاستا سىيرىۋېلىپ ئۆزىنىڭ بېشىغا سېلىۋاپتۇ. نوختىسىز ئېشەكنى ھەمراھلىرىدىن بىرى مىنىپ كېتىپتۇ. ئۇ ئوغرى ھەييار ئېشەكنى مىنگەن دوستى كۆزدىن يوقالغۇچە، ئېشەكنىڭ ئىگىسىنىڭ كەينىدىن ئەگىشىپ مېڭىۋېرىپتۇ.

ئېشەكنى مىنگەن ئۇنىڭ شېرىكى كۆزىدىن غايىب بولغاندىن كېيىن، ئۇ ئوغرى ھەييار ماڭماي ئارقىسىغا تارتىشىپ تۇرۇۋاپتۇ. ئېشەكنىڭ ئىگىسى چۇلۋۇرىنى قاتتىق سىلكىپ تارتىپ

ئارقىسىغا قارىغانىكەن، ئېشىكىنىڭ ئورنىدا بېشىغا نوختا سې-
لىنغان بىر كىشى تۇرغانلىقىنى كۆرۈپتۇ. ئۇ ھەيران بولۇپ:

— سەن قانداق زات سەن؟! — دەپ سوراپتۇ.

ئوغرى ھەييار تەپ تارتماستىن:

— ئەي خوجا، مەن سېنىڭ شۇنچە ۋاقىتتىن بېرى ئىشە-
لىتىپ كەلگەن ئېشىكىڭمەن. مېنىڭ ئىشىمغا تەئەللۇق ئاجا-
يىپ بىر ۋەقە بار، مېنىڭ ئانام بۇۋى خوتۇن ئىدى. بىر كۈنى
مەن مەي ئىچىپ مەست ھالدا ئۇنىڭ قېشىغا كىرىپتىمەن. ئا-
نام مېنى ئېغىر مەست ھالدا كۆرۈپ: «ئەي ئوغلۇم! سەن بۇنىڭ-
دىن كېيىن شاراب ئىچمەسلىككە ۋەدە بېرىپ، بۈگۈنكى ئىچكەن
شارابىڭغا تېز تۇۋا قىل!» دەپ، ماڭا كۆيۈنۈپ نەسىھەت قىلدى.
مەن قولۇمغا قامچىنى ئېلىپ: «مانا تۇۋا قىلغىنىم» دەپ، بىچا-
رە ئانامنى راسا ساۋاپتىمەن. ئانام يىغلاپ تۇرۇپ مېنى قارغى-
دى. تەڭرىنىڭ قۇدرىتى بىلەن ئادەملەر دەرھال مېنى ئۆيدىن
ھەيدەپ چىقاردى. ئوغرىلار مېنى بازارغا يېتىلەپ كېلىپ ساڭا
ساتتى. مەن شۇنىڭدىن بېرى سېنىڭ خىزمىتىڭنى قىلىپ
كەلگەنىدىم. بۈگۈن بىچارە ئانام مېنى قارغىغىنىغا پۇشايمان
قىلغان بولسا كېرەك. يەنە ئانامنىڭ تەلىپى ئىجابەت بولۇپ،
مەن توساتتىنلا ئەسلىي ئادەملىك قىياپىتىمگە كېلىپ قالدىم،
— دەپ جاۋاب بېرىپتۇ.

ئېشەكنىڭ ئىگىسى:

— ئەي بۇرادەر، مەن سېنى بىلمەستىن شۇنچە زاماندىن
بېرى «ئېشەك» دەپ ھايۋان ئورنىدا ئىشلىتىپتىمەن. بەزىدە

ئاچچىقىم كەلگەندە ئاغزىمنى بۇزۇپ، «ھۇ... ئاناڭنى... ھارام ئۆلگۈر...» دەپ، ئاناڭنىمۇ قوشۇپ تىللاپتىمەن. ئەمدى سەن مەندىن رازى بولغىن، بىرىپ ئاناڭنىڭ خىزمىتىنى قىلىپ رازىلىقىنى ئال! مەن ئۇچۇنمۇ ئاناڭدىن رازىلىق سورا. بۇنىڭدىن كېيىن ئاناڭغا ھەرگىز يامانلىق قىلما! — دەپ، ئۇنىڭ بېشىدىكى نوختىنى ئېلىپ غەمكىن ۋە پەرىشان ھالدا ئۆز ئۆيىگە قايتىپ كېتىپتۇ.

ئۇ ئادەمنىڭ خوتۇنى ئېرىنى قورۇق قول ۋە غەمكىن كۆرۈپ:

— ئەي ئادەم، ساڭا نېمە ئىش بولدى؟ ئېشىكىڭ قېنى؟ — دەپ سوراپتۇ. ئۇ ئادەم ئېشىكىنىڭ سۆزىنى خوتۇنىغا ئېيتىپ بېرىپتۇ. خوتۇنى ئېرىگە كايىپ:

— ئىست ساڭا! سېنىڭ تېرىقچىلىق ئەقلىڭ يوق. سەن نەچچە ۋاقىتتىن بېرى ئادەمنى «ئېشەك» دەپ ھايۋان ئورنىدا ئىشلىتىپ يۈرۈپسەن. شۇنچە ۋاقىتتىن بۇيان ئۇنىڭ ئادەم ئىكەنلىكىنى بىلمىگىنىڭنى قارا. ئەمدى سەن بۇ قىلمىشىڭغا تېزدىن تۈۋا قىل! — دەپتۇ.

ئۇ ئادەم قىلمىشىغا «تۈۋا» قىپتۇ. بىرنەچچە كۈن ئىبادەت قىلىپ ئۆيدىنمۇ چىقماپتۇ.

بىر كۈنى خوتۇنى ئېرىدىن يەنە رەنجىپ:

— سەن قاچانغىچە بۇنداق بىكار يۈرىسەن؟ ئورنۇڭدىن تۇر! بازارغا بار! بۇ نۆۋەت راست ئېشەكتىن بىرنى سېتىۋېلىپ ئۆز ئىشىڭنى قىل! — دەپ ھەيدەكچىلىك قىپتۇ.

ئاچچىقىم كەلگەندە ئاغزىمنى بۇزۇپ، «ھو... ئاناڭنى... ھارام ئۆلگۇر...» دەپ، ئاناڭنىمۇ قوشۇپ تىللاپتىمەن. ئەمدى سەن مەندىن رازى بولغىن، بىرىپ ئاناڭنىڭ خىزمىتىنى قىلىپ رازىلىقىنى ئال! مەن ئۇچۇنمۇ ئاناڭدىن رازىلىق سورا. بۇنىڭدىن كېيىن ئاناڭغا ھەرگىز يامانلىق قىلما! — دەپ، ئۇنىڭ بېشىدىكى نوختىنى ئېلىپ غەمكىن ۋە پەرىشان ھالدا ئۆز ئۆيىگە قايتىپ كېتىپتۇ.

ئۇ ئادەمنىڭ خوتۇنى ئېرىنى قۇرۇق قول ۋە غەمكىن كۆرۇپ:

— ئەي ئادەم، ساڭا نېمە ئىش بولدى؟ ئېشىكىڭ قېنى؟ — دەپ سوراپتۇ. ئۇ ئادەم ئېشىكىنىڭ سۆزىنى خوتۇنىغا ئېيتىپ بېرىپتۇ. خوتۇنى ئېرىگە كايىپ:

— ئىست ساڭا! سېنىڭ تېرىقچىلىق ئەقلىڭ يوق. سەن نەچچە ۋاقىتتىن بېرى ئادەمنى «ئېشەك» دەپ ھايۋان ئورنىدا ئىشلىتىپ يۈرۈپسەن. شۇنچە ۋاقىتتىن بۇيان ئۇنىڭ ئادەم ئىكەنلىكىنى بىلمىگىنىڭنى قارا. ئەمدى سەن بۇ قىلمىشىڭغا تېزدىن تۆۋا قىل! — دەپتۇ.

ئۇ ئادەم قىلمىشىغا «تۆۋا» قىپتۇ. بىرنەچچە كۈن ئىبادەت قىلىپ ئۆيىدىنمۇ چىقماپتۇ.

بىر كۈنى خوتۇنى ئېرىدىن يەنە رەنجىپ:

— سەن قاچانغىچە بۇنداق بىكار يۈرىسەن؟ ئورنۇڭدىن تۇر! بازارغا بار! بۇ نۆۋەت راست ئېشەكتىن بىرنى سېتىۋېلىپ ئۆز ئىشىڭنى قىل! — دەپ ھەيدەكچىلىك قىپتۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



# تۈلكە بىلەن كومزەك

بىر ئايال ئۇرغىقنى ئېلىپ ئورمىغا بېرىپتۇ. ئۇ سۈت تول-دۇرۇلغان كومزىكنى بوغداي باغلىرىنىڭ ئارىسىغا يوشۇرۇپ قويۇپ، بوغداي ئورۇشقا كىرىشىپ كېتىپتۇ. بىر ھازادىن كې-يىن بىر تۈلكە بىر دەسسەپ، ئىككى دەسسەپ كومزەككە ئاستا-غىنا يېقىنلىشىپ كەپتۇ - دە، بېشىنى كومزەككە تىقىپ ئۇ-نىڭدىكى سۈتنىڭ ھەممىسىنى ئىچىۋېلىپ، غىپپىدە تىكىۋەت-مەكچى بوپتۇ، لېكىن ئۇ بېشىنى كومزەكتىن چىقىرالماپتۇ. نېمە قىلارىنى بىلمىگەن تۈلكە شۇ پېتى يولغا چىقىپتۇ ۋە بې-شىنى ساڭگىلىتىپ سۆزلەشكە باشلاپتۇ:

— ئەي، كومزەكجان، چاقچىقىڭ يېتەر ئەمدى، مېنى قويۇ-ۋەتكىن، ئۇنداق قىلمىغىن ئامرىقىم، سەن كۆڭلۈڭنى ئاچتىڭ، ئوينىۋالدىڭ.

تۈلكە شۇنچە شېرىن سۆزلەرنى قىلسىمۇ، كومزەك تۈلكى-نىڭ بېشىدىن زادىلا چىقماپتۇ، تۈلكىنىڭ ئاچچىقى كېلىپ:

— سەن چوشقا ئىكەنسەن، زادىلا گەپ ئاڭلىمىدىڭ، سېنى سۇدا تۇنجۇقتۇرۇپ ئۆلتۈرۈۋەتمىگىنىمنى كۆر ! — دەپتۇ - دە، دەرياغا قاراپ يۈگۈرۈپتۇ. ئۇ كومزەكنى سۇدا تۇنجۇقتۇرۇۋەت-مەكچى بولۇپ، بېشىنى سۇغا پاتۇرۇپتۇ، بىراق كومزەك ئەمەس،

بەلكى ئۆزى تونجۇقۇپ ئۆلۈپتۇ.

— ئاچ كۆزلۈك ئادەمنى ھەر بالالارغا دۇچار قىلىدۇ. مە-سەلدىكى تۈلكە ھېرىس ۋە ئاچ كۆز بولغاچقا، كومزەككە بېشىنى تىقىۋېلىپ، ئۇنىڭدىن قۇتۇلالماي ھالاك بولدى. شۇنىڭ ئۈچۈن ئاچ كۆزلۈك ۋە ھېرىسلىقتىن ئىبارەت يامان خۇيدىن ۋاقتىدا قۇتۇلۇش كېرەك.

بىلقۇتجان بېشىنى قايىللىق بىلەن لىڭشىتىپ تۇرۇپ:

— چۈشەندىم، بوۋا! — دېدى.

— چۈشەنگەن بولساڭ، بىر ئېشەكنىڭ ئۆزىگە قانداق جاپا سالغانلىقى ھەققىدىكى مەسەلگە قۇلاق سالغىن.



ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com



# ئۆزىگە ئۆزى جاپا سالغان ئېشەك

بۇرۇن بىر سودىگەر بازاردىن ناھايىتى كۆپ تۇز سېتىۋاپتۇ. ئۇ تۇزنى تاغارغا قاچىلاپتۇ، ئاندىن ئېشىكىگە ئارتىپتۇ.

— ماڭ! ئۆيىمىزگە كېتەيلى! — دەپتۇ سودىگەر ئېشەكىنىڭ چۇلۋۇرىنى تارتىپ، ئەمما ئېشەك تۇزنى بەك ئېغىر كۆرۈپ، نارازىلىق بىلەن مېڭىپتۇ. بازار بىلەن يېزىنى بىر دەريا ئايرىپ تۇرىدىكەن. دەريادىن ئۆتكەندە، ئېشەك دەلدەڭشىگىنىچە يىقىلىپ چۈشۈپتۇ. تاغاردىكى تۇز سۇدا ئېرىپ پۈتۈنلەي ئېقىپ كېتىپتۇ.

— ئاپلا! تۇزنىڭ ھەممىسى ئېقىپ كەتتى. ھەي! مەخلۇق! سەن نېمىدېگەن دۆت - ھە! — دەپ غوتۇلداپتۇ سودىگەر. لېكىن ئېشەك يۈكىنىڭ يەڭگىللەپ قالغىنىدىنى خۇشال بولۇپ قىن-قىنىغا پاتماي كېتىپتۇ.

— بۇ ياخشى چارىكەن! ئۇنى ئېسىمدە چىڭ تۇتۇپ، كېلەر قېتىم يۈكنى مۇشۇنداق يەڭگىللەتسەم بولغۇدەك، — دەپتۇ نەپ-كە ئېرىشكەن ئېشەك. ئەمما سودىگەر بۇنى ئازراقمۇ سەزمەپتۇ.

ئەتىسى سودىگەر يەنە بازارغا بېرىپتۇ. بۇ قېتىم ئۇ تۇز ئە-مەس، بەلكى پاختا سېتىۋاپتۇ. پاختا ئېشەكىنىڭ دۈمبىسىگە تاغدەك دۆۋىلىنىپتۇ.

— ئۆيگە قايتايلى! بۇگۇنكى يۈك چوڭ بولغىنى بىلەن ئې-غىر ئەمەس ! — سودىگەر ئېشىكىگە شۇنداق دەپتۇ ھەمدە چۇل-ۋۇرنى تارتىپتۇ. ئېشەك ناھايىتى ئېغىرلىشىپ كېتىۋاتقانىدەك ئەلپازدا ئەزمىلىك بىلەن مېڭىپتۇ. ئۇزۇن ئۆتمەي دەريا بويىغا يېتىپ كەپتۇ، ئېشەك تۇنۇگۇنكى ياخشى چارىسىنى يادىغا ئاپتۇ.

— تۇنۇگۇنكى ئىش ھەقىقەتەن مۇشۇ ئەتراپتا بولغان، بۇ-گۇن ئىشنى ئوڭۇشلۇق ئورۇندىشىم كېرەك ! — ئېشەك قەس-تەنگىلا دەرياغا دومىلاپتۇ.

— ئىنتايىن ئوڭۇشلۇق بولدى!

شۇ چاغدا ئېشەك ئورنىدىن تۇرۇشنى ئويلىغان بولسىمۇ، ئەمما توساتتىنلا تۇرالمايۋاتقانلىقىنى سېزىپتۇ. چۈنكى پاختا سۇغا چىلىشىپ كەتكەندىن كېيىن تېخىمۇ ئېغىرلاپ كەتكەنىدە-كەن.

— چوتنى خاتا سوقۇپتىمەن، ھەقىقەتەن چاتاق بولدى!

ئېشەك پۇشقۇرغاچ، سۇغا چىلىشىپ ئېغىرلىشىپ كەتكەن يۈكنى يۇدۇگىنىچە يېزىغا قايتىپ كېتىپتۇ.

— بوۋا، قارىغاندا، ھەرقانداق ئىشنى قارىغۇلارچە تەقلىد قىلغىلى بولمايدىكەن ـ دە ! — دېدى بىلقۇتجان.

— شۇنداق بولمايچۇ، — دېدى مۆھتەرەم بوۋاي قىزغىنلىق بىلەن جاۋاب بېرىپ، — نۇرغۇن ئەخمەقلەر باشقىلارنىڭ قىلغان ئىشى ۋە قوللانغان تەدبىرلىرىنى ئۆز پېتى ۋە قارىغۇلارچە كۆ-چۈرۈپ كەلگەنلىكى سەۋەبلىك، ئوڭۇشسىزلىققا ۋە پاجىئەلەرگە دۇچار بولىدۇ. ئۇلارنىڭ قىلغان ئىشى خۇددى ئۆزىگە جاپا سال-

ئۇيغۇر كىتاب تورى بىكىتى
www.uyghurkitap.com



غان ئىشەكنىڭ قىلمىشىغا ئوخشايدۇ.

— توغرا - توغرا، — دېدى بىلقۇتجان بىردىنلا روھلى-نىپ، — مەن بۇ ھەقتىكى ۋەقەلەرنى كىتابلاردىن كۆپ ئوقۇ-غان، بۇ ھەقتىكى ھېكايىلەرنىمۇ كۆپ ئاڭلىغان.

— ئۇنداق بولسا، ياچۇەكنىڭ ئۆز ھالىغا باقماي قىلغان ئىشىنى ئاڭلىغۇڭ بارمۇ؟

— ئۇ قانداق ۋەقە ئىكەن؟ — دەپ سورىدى بىلقۇتجان تە-قەززالىق بىلەن.



# ياچىۋەكنىڭ ھارۋىنى توختاتماقچى بولغىنى

ياچىۋەك چۆپلۈكتە كۆكرەك كېرىپ ئالغا بېسىپتۇ. بۇ يەردە توختاپ ئارام ئېلىۋاتقان ھەسەل ھەرىسى ياچىۋەكنى كۆرۈپ دەرھال ھودۇقىنىچە ئۇچۇپ كېتىپتۇ.

ئۆزۈن ئۆتمەي بۇ يەردىن چۈمۈلە ئۆتۈپ كېتىۋېتىپ ياچىۋەكنى كۆرۈپ قاپتۇ. ئۇمۇ ئالمان ـ تالمانلا ئۆزىنى چەتكە ئاپتۇ. ياچىۋەك كۆرەڭلىگىنىچە يولنىڭ ئوتتۇرىسىغا قاراپ مېڭىۋېرىپتۇ.

مۇشۇ چاغدا تۇساتتىنلا غايەت زور ئاۋاز ئاڭلىنىپتۇ، ئەسلىدە ئات ھارۋىسى ئۇنىڭغا قاراپ كېلىۋاتقانىكەن. ئات ھارۋىسى ياچىۋەكنى كۆرۈپ قىلچە توختاش نىيىتىگىمۇ كەلمەپتۇ، بۇ ئىش ياچىۋەكنىڭ سەپراسىنى ئۆرلىتىۋېتىپتۇ.

شۇنىڭ بىلەن ياچىۋەك ئىككى قولىنى كۆتۈرۈپ ھارۋىنىڭ يولىنى توسۇپتۇ، كۇتۇلمىگەندە ھارۋا بۇرۇنقىدەكلا ئىلگىرىلەۋېرىپتۇ، ياچىۋەك ئاخىرى چاق ئاستىدا ھالاك بوپتۇ.

— بوۋا، ئۆزىنى چاغلىماسلىق شۇنداق ئېغىر ئاقىۋەتلەرنى كەلتۈرىدىكەن، شۇنداقمۇ؟

— شۇنداق، شۇنداق بولمايچۇ، — دېدى مۆھتەرەم بوۋاي ھاياجانلىنىپ، — ئۆزىنى چاغلىماسلىق شۆھرەتپەرەسلىككە

www.uyghurkitap.com



مەپتۇن بولۇشتىن، باشقىلارنىڭ تۇيۇقسىز دىققىتىنى تارتىشنى مەقسەت قىلىشتىن كېلىپ چىقىدۇ. نۇرغۇن كىشى دەل مانا مۇشۇ سەۋەبتىن ھالاكەت يولىغا قاراپ ماڭىدۇ ۋە بەزى پاجىئەلەرنىڭ يۈز بېرىشىگە سەۋەبچى بولىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن بۇنداق روھىي ھالەتتىن چوقۇم قۇتۇلۇش كېرەك.

بىلقۇتجان بېشىنى قايىللىق بىلەن لىڭشىتتى.



# ئۆز بېشىنى ئۆزى يېگەن سار

بىر سار ھەمىشە باشقا سارلارنىڭ ئۆزىدىن ياخشى ئۇچىدىـ غانلىقىغا ھەسەت قىلىدىكەن.

شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئوۋچىنى ئىزدەپ بېرىپ، ئۇنىڭغا:

— سېنىڭ ماڭا ياردەملىشىپ ئاسماندا ئەڭ ئېگىز ئۇچۇۋاتـ قان سارلارنى ئېتىپ چۈشۈرۈۋېلىشىڭنى ئارزۇ قىلاتتىم، — دەپتۇ. ئوۋچى بۇنىڭغا جاۋابەن:

— ئەگەر سەن ماڭا ئازراق قانات ـ پەيلىرىڭنى بەرسەڭ، ئۇلارنى ئېتىپ چۈشۈرەلەيمەن، — دەپتۇ.

سار ئۆزىنىڭ بەدىنىدىن بىر نەچچە تال پەينى يۇلۇۋېلىپ ئوۋچىغا بېرىپتۇ، ئەمما ئوۋچى ئوقىنى باشقا سارلارغا تەگكۈـ زەلمەپتۇ، سار ئوۋچىنى بەدىنىدىكى پەيلەر بىلەن قايتا ـ قايتا تەمىنلەۋېرىپتۇ، شۇنداق قىلىپ ئۇستىدىكى پەيلەرنىڭ كۆپىنـ چىسىنى يۇلۇپ بوپتۇ. نەتىجىدە ئۇچۇش ئىقتىدارىدىن مەھرۇم بوپتۇ.

شۇنىڭ بىلەن ئوۋچى بۇرۇلۇپلا ئۇنى كاپپىدە تۇتۇۋاپتۇ، ئانـ دىن مەززە قىلىپ يېۋېتىپتۇ.

— ھەسەتخور سار ئۆز ئايىغى بىلەن ئۆزىنى ھالاك قىلدى، شۇنداقمۇ بوۋا؟

— شۇنداق، ھەسەتخورلۇق شۇنداق يامان خۇيدۇركى، ئۇنىڭ يامان ئاقىۋىتىنى مۆلچەرلەش تەس. ھەسەتنىڭ تېگى دۈشمەنلىكتۇر. دۈشمەنلىكنىڭ ئەسلى بولسا مەنپەئەت توقۇنۇشىدىن پەيدا بولىدۇ. بۇنداق مەنپەئەت يىراقتىكىلەر ئارىسىدا ئەمەس، يېقىن مۇناسىۋەتتە بولغان، مەنپەئەتى چېتىشىپ كەتكەنلەر ئارىسىدا بولىدۇ. بۇ سەۋەبتىن ئۇلار ئارىسىدا ھەسەت چوڭىيىپ بارىدۇ. ھەسەت قىلغۇچى ھەر خىل ۋاستىلەرنى قوللىنىپ ھەسەت قىلىنغۇچىنى ئەڭ ئوسال ئەھۋالغا چۈشۈرۈپ قويۇش ئۈچۈن پالاقلايدۇ، ئۇنىڭدىن ئۈستۈن تۇرغۇچىنى ئىزدەيدۇ، ئەدىپىنى بەرمەكچى بولىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ھەسەتخورلۇقتىن چوقۇم يىراق تۇرۇشۇڭ كېرەك.

— چۈشەندىم، بوۋا!

— ئەمىسە، يەنە بىر ئىبرەتلىك مەسەلگە قۇلاق سال! — دېدى مۆھتەرەم بوۋاي ئوتتەك قىزغىنلىق بىلەن.



# تىنماي ئاغرىنىدىغان بېلىق

دېڭىزدا ياشايدىغان بىر رەڭدار بېلىق بار ئىكەن. ھەمىشە كۆڭۈلسىز ئۆتىمەن دەپ قاراپ، بىرەر پۇرسەت تېپىپ دېڭىزدىن ئايرىلىشنىلا ئويلايدىكەن. بىر كۈنى ئۇ بېلىقچى بىلەن ئۇنىڭ ئوغلى تەرىپىدىن سۈزۈۋېلىنىپ، خۇشاللىقىدا پىلتىڭلاپ كېتىپتۇ:

— ئەمدى ياخشى بولدى! ھەر ھالدا ئازاب دېڭىزىدىن قۇتۇلدۇم، ئەركىن نەپەسلىنەلەيدىغان بولدۇم!

مۇشۇنداق قىلىپ، بېلىق پوچۇق ئىدىشقا سېلىنىپ، ئېچىلىپ ـ يېيىلغىنىچە ئۈزۈپ يۈرىدىغان بوپتۇ.

بېلىقچى ھەر كۈنى ئىدىشقا ئازراق يەمچۈك سېلىپ قويىدىكەن، بېلىق ناھايىتى خۇشال بولۇپ، تىنماي ئىرغاڭلاپتۇ. چىرايلىق ئۇستىباشلىرى ۋە زىننەت بۇيۇملىرىنى نامايان قىلىپ، بېلىقچىنىڭ ئامراقلىقىنى كەلتۈرۈپتۇ. بېلىقچى راستتىنلا خۇشال بولۇپ كېتىپ، يەنە يوغانلا بىر سىقىم يەمچۈكنى چېچىپ بېرىپتۇ، بېلىق ئىشتىھا بىلەن يېگىلى تۇرۇپتۇ، ھېرىپ قالسا توختىۋېلىپ مۈگدەۋاپتۇ. ئۇ ئۆزىنىڭ ئاجايىپ تەقدىرىدىن، ھازىرقى تۇرمۇشىدىن، رەڭدار كىيىملىرىدىن خۇرسەن بوپتۇ، ئۆز ـ ئۆزىگە: «بەختلىك تۇرمۇش دېگەن مانا

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



شۇ» دەپتۇ.

كۆنلەر بىر - بىرلەپ ئۆتۈپتۇ، بېلىق ئەتىدىن كەچكىچە ئۈ-زۈپتۇ. ئۇ سەل زېرىككەندەك بوپتۇ، ئەمما دېڭىزغا قايتىپ كې-تىشنى زادىلا خالىماپتۇ ئۆزىگە ھەمىشە: «مەن دېگەن چىرايلىق بېلىق» دەيدىغان بوپتۇ.

كېيىن بېلىقچى دېڭىزغا چىقىپ بەختسىزلىككە ئۇچراپتۇ. بېلىقچىنىڭ ئوغلى نەرسە - كېرەكلىرىنى يىغىشتۇرۇپ كۆچۈپ كېتىپتۇ. ھەممىنى ئېلىپ، ھېلىقى چىرايلىق بېلىقنىلا ئۇنتۇپ قاپتۇ. بېلىق ئىدىشتا: «ھەي! مېنى ئېلىۋېلىڭلار، مېنى تاشلاپ قويماڭلار!» دەپ ۋارقىراپتۇ. لېكىن ئۇنىڭغا قارايدىغان ئادەم چىقماپتۇ.

بېلىق ناھايىتى قايغۇرۇپتۇ. ئۇ ئاغرىنىشقا باشلاپتۇ، ئى-دىشنىڭ بەك كىچىكلىكىدىن، غىزانىڭ بەك ناچارلىقىدىن، بې-لىقچى ئوغلىنىڭ ئۆزىگە قىلغان ئەدەپسىزلىكىدىن، بېلىقچى-نىڭ ئۆزىگە ئوبدان قارىمىغانلىقىدىن ئاغرىنىپتۇ، ھەتتا ئۆزى دېڭىزدىن كەتمەكچى بولغاندا ھەمراھلىرىنىڭ نېمىشقا تو-سۇۋالمىغانلىقىدىن، ئۆزى تونۇيدىغان ھەممە نېمىدىن ئاغرى-نىپتۇ، پەقەت ئۆزىدىن ئاغرىنىشنىلا ئۇنتۇپ قاپتۇ.

ئۇ يەنە خىيال سۈرۈشكە باشلاپتۇ: بىر باي سودىگەر بۇ يەر-دىن ئۆتۈپ كېتىۋېتىپ، چىرايلىق بىر بېلىق تۇرغانلىقىنى، شۇنىڭ بىلەن ئۇنى ئاۋايلاپقىنە ئېلىۋېلىپ، ھويلىسىدىكى يوغان كۆلچەكتە باققانلىقىنى، ھەر كۈنى ئۇنىڭغا يەمچۈك بېرىپ تۇر-غانلىقىنى... ئويلاپتۇ.

قۇياش كۆتۈرۈلۈپتۇ، ئەتراپ جىمجىتلىقتا چۆكۈپتۇ، بۇ يەر-دە بىر پۇچۇق ئىدىش، گۈزەل بىر بېلىق — يەنى، ئۆلۈك بې-لىقلا قاپتۇ.

مەسەل تۈگىگەندىن كېيىن، مۆھتەرەم بوۋاي چۈشەندۈرۈپ مۇنداق دېدى:

— تۇرمۇشتىكى ھەممە ئىشنىڭ كۆڭۈلدىكىدەك بولۇپ كې-تىشى ناتايىن، شۇنداقتىمۇ نۇرغۇن ئىشلارغا چىداشقا، چىشنى چىشلەپ سەۋر قىلىشقا توغرا كېلىدۇ. ئۇدۇل كەلگەنلا ئىشقا چېچىلىپ، ئاغرىنىپ يۈرگەندە، جاننى قىيىنىغاندىن باشقا، باش-قىلارنىڭمۇ كۆڭلىنى ئاغرىتىپ قويىدىغان ئىشلار دائىم يۈز بې-رىپ تۇرىدۇ. ئاخىردا پاجىئەلىك ئاقىۋەتلەرمۇ كېلىپ چىقىشى مۇمكىن. شۇنىڭ ئۈچۈن بۇنداق ناچار خۇيدىن چوقۇم قۇتۇلۇش كېرەك.

— يىغلاپ - قاقشاپ يۈرگەندىن كۆرە، قەددىنى رۇسلاپ، ئۈمىدۋارلىق بىلەن ياشاش، ئالغا ئىنتىلىش كېرەك، دېمەكچىمۇ سىز؟ — دېدى بىلقۇتجان.

— توغرا دېدىڭ! — مۆھتەرەم بوۋاي ھاياجانلىنىپ كەتتى،

— بەك ئەقىللىق بولۇپ كېتىۋاتىسەن جۇمۇ قوزام...!

بىلقۇتجان بوۋىسىغا ئامراقلىق بىلەن ئۆزىنى سۈركىدى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



# خورازنىڭ تۈلكىنى ئالدىشى

بىر ئايالنىڭ بىر خورىزى بار ئىكەن. بۇ خورازنىڭ بىر كۆزى كور بولسىمۇ، لېكىن بەك ئۇرۇشقاق ئىكەن. ئۆز هويلىسىدا ئۇرۇشقۇدەك هايۋان بولمىغاچقا، باشقا هويلىلارغا كېتىدىكەن. چۈجىلەرنى كۆرۈپ قالسا ئالدىغا سېلىپ قوغلايدىكەن. توخۇ كۆرسە ئۈستىگە چىقىۋالىدىكەن. پەي - تۈكلىرىنى يۇلىدىكەن. خوراز بىلەن ئۇچرىشىپ قالغاندىلا، خورازلارچە سوقۇشىدىكەن. قوشنىلىرىنىڭ ئۇنىڭ ئۈستىدىن شىكايەت قىلمايدىغان كۈنى يوق ئىكەن.

بىر قوشنىسى مۇنداق دەپتۇ:

— خورىزىڭنى قاماپ قويغىن. مۇشۇكنىڭ كۆزىنى قويۇۋەتكىلى تاس قالدى.

يەنە بىر كۈنى:

— سېنىڭ بىر كۆزلۈك خورىزىڭ، — دەپتۇ ئۈچىنچى قوشنىسىمۇ، — چۈجىلىرىمنى قوغلاپ پاتىپاراق قىلىپ، بىر - ئىككىسىنى تۇتۇۋېلىپ بوغۇۋەتتى.

بۇ شىكايەتلەرنى ئاڭلىغان ئايال خورىزىغا ۋارقىراپتۇ:

— يوقال بۇ يەردىن، نەگە كەتسەڭ كەت، ئىككىنچى كۆرۈنگۈچى بولما!

— كېتىمەن، — دەپتۇ خوراز ئاچچىقلاپ، — مېنى سې-نىڭسىز ياشىيالمايدۇ دەپ ئويلامسەن؟

ئەنە شۇ كۈندىن تارتىپ خوراز ئۆز ئالدىغا يالغۇز ياشاشقا باشلاپتۇ. پۈتكۈل يېزىنى ئارىلاپ، سەيلە - تاماشا قىلىپ يۈرۈپ-تۇ.

كۈنلەرنىڭ بىرىدە ئوۋغا چىققان بىر تۈلكە تۇيۇقسىز ئۇستى-دە بىر خورازنى كۆرۈپ قاپتۇ. بۇ ھېلىقى ئايالنىڭ خورىزى ئە-كەن. تۈلكە خورازنى تۇتۇۋېلىپ، ئۇۋىسىغا ئېلىپ كەتمەكچى بوپتۇ. شۇ ئەسنادا ئايالنىڭ ئوتۇن چېپىۋاتقان قوشنىسى تۈل-كىنىڭ خورازنى تۇتۇۋېلىپ، ئېلىپ كېتىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ قېلىپ، ئالدىراش - تېنەش:

— ھەي، خورازنى تاشلا، — دەپ ۋارقىراپتۇ.

شۇ پەيتتە خوراز تۈلكىگە:

— تۈلكە بۇرادەر، بۇنىڭغا نېمە دېگۈلۈك؟ خوتۇن كىشىنىڭ چېپىلمايدىغىنى يوق. كۆرۈۋاتامسەن، مەن ئۇنىڭ خورىزى ئە-مەس، ئۇنىڭ نېمە كارى.

تۈلكە توختاپ ئايالنىڭ قوشنىسىغا جاۋاب بەرمەكچى بوپتۇ يۇ، لېكىن بۇ نىيىتىدىن ۋاز كېچىپتۇ.

ئايالنىڭ قوشنىسى ھە دەپ ۋارقىراپتۇ.

— ساڭا نېمە بولدى؟ — دەپتۇ سەۋر قاچىسى تاشقان تۈلكە چىداپ تۇرالماي، — بۇ سېنىڭ خورىزىڭ ئەمەسقۇ! خەقنىڭ ئىشىغا نېمىشقا ئارىلىشىۋالىسەن؟

نەق شۇ پەيتتە، خوراز تۈلكىنىڭ قولىدىن قېچىپ قۇتۇلۇپ-

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uighurkitap.com



تۇ. تۈلكە غەزەپتىن ئۆزىنى تامامەن يوقىتىپ قويۇپتۇ. ئەتراپ-
غا كۆز سېلىپ خورازنى تاپالماپتۇ.

مەھەللىدىكىلەر:

— خوراز تۈلكىنى ئالداپ، تازا بابىدى، — دەپ كۈلۈشۈپ-
تۇ.

تۈلكە دەرغەزەپ بوپتۇ ۋە بىر مەھەل ئىنسانلار بىلەن
پاراڭلاشماسلىق قارارىغا كەپتۇ. ئەنە شۇنىڭدىن تارتىپ تۈلكە
ئادەمنى كۆرسىلا بېشىنى بۇراپ، قېچىپ كېتىدىغان بوپتۇ.

بىلقۇتجان بۇ مەسەلنى ئاڭلىغاندىن كېيىن:

— بوۋا، بۇ مەسەل خېلى قىزىقارلىقكەن، شۇنداقلا مۇجمەل
تەرەپلىرىمۇ بار ئىكەن.

— شۇنداق، بۇ مەسەلدە قۇۋلۇق - شۇملۇق بىلەن باتۇرلۇق
ۋە شىر يۈرەكلىكنىڭ ھاياتتا قانچىلىك مۇھىم ئىكەنلىكى ئوت-
تۇرىغا قويۇلغان. مانا مۇشۇنى چۈشىنىۋالساڭلا بولدى، قوزام...

— چۈشەندىم، بوۋا!

— جېنىم بالام، بۇ قېتىم ساڭا مۇشۇنچىلىك مەسەل سۆز-
لەپ بېرەي، — دېدى مۆھتەرەم بوۋاي ئاخىردا، — ئەگەر مۇم-
كىن بولسا، ئەتىدىن باشلاپ يەنە تېخىمۇ قىزىقارلىق مەسەللەر-
نى داۋاملىق سۆزلەپ بېرىمەن جۇمۇ!

بىلقۇتجان خۇشاللىق بىلەن باش لىڭشىتتى ۋە بوۋىسىغا
ئۆزىنى سۈركەپ ئامراملىق قىلدى.

كىتاب ئىسمى: بىلقۇت باللار مەسەللىرى
تۈزگۈچى: شىنجاڭ بىلقۇت شىركىتى
مەسئۇل مۇھەررىرى: گۈلباھار، يالقۇن روزى
لايىھەلىگۈچى: ئەنۋەر تۇرسۇن
خەتتات: ئېرشات ئېزىز
رەسسام: مەخمۇتجان تۇردىنىياز
نەشرىيات: شىنجاڭ ئېلېكتىرون ئۈن - سىن نەشرىياتى
ئادرېسى: ئۈرۈمچى شەھىرى شىخۇڭ غەربىي يولى 36 - نومۇر
پوچتا نومۇرى: 830001
تارقاتقۇچى: شىنجاڭ شىنخۇا كىتابخانىسى
باسما زاۋۇت: ئۈرۈمچى لوڭيىدا باسمىچىلىق چەكلىك شىركىتى
فورماتى: 1168×850 مىللىمېتىر 1/32
باسما تاۋىقى: 2.5
نەشرى: 2011 - يىل 3 - ئاي 1 - نەشرى
بېسىلىشى: 2011 - يىل 3 - ئاي 1 - بېسىلىشى
باھاسى: 240 يۈەن (جەمئىي 30 تور، يەككە باھاسى 8 يۈەن)

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

教与学 تەلىم-تەربىيە ئۈچۈن

# بىلگۈت بالىلار مەسەللىرى




# ھەددىنى بىلمىگەن پاقا

**Heddini Bilmigen Paqa** 忘乎所以的青蛙

01.مايمۇن بىلەن تاشپاقا
02.قۇشقاچ بىلەن يىلان
03.توشقاننىڭ قايغۇسى
04.توز بىلەن قىرغاۋۇل
05.ئېيىق بىلەن مولۇن
06.تۇمۇچۇق بىلەن توز
07.ھەسەتخور بۈركۈت
08.قۇشقاچ بىلەن تۇرنا
09.توشقان بىلەن پىللار
10.تىمساھنىڭ كۆز يېشى
11.چېقىمچى قۇشقاچ
12.قىزغانچۇق چۈجە
13.يولۇچى ۋە ئات
14.بېغەم چاشقان
15.ئۈچ بېلىق
16.ئالتۇن قۇش
17.ئەخمەق ئات
18.ئالدىراڭغۇ كەپتەر
19.تۈلكىنىڭ قۇيرۇقى
20.غەيرەتلىك چۈمۈلە
21.تايچاقنىڭ دەريادىن ئۆتۈشى
22.تۇرنىنىڭ مېھمان چاقىرىشى
23.ھەددىنى بىلمىگەن پاقا
24.قۇشقاچ بىلەن قارلىغاچ
25.سۇ قۇشى بىلەن تاشپاقا
26.كەكلىك بىلەن قارچىغا
27.يولۋاس بىلەن مايمۇن
28.شىر پادىشاھ ۋە چىلبۆرە
29.مۇشۇكياپىلاقنىڭ بالىلىرى
30.قۇشلارنىڭ ماھارەت ئۆگىنىشى

ISBN 978-7-900511-66-9
9 787900 511669

باھاسى: 240.00 يۈەن (جەمئىي 30 تۈر، يەككە باھاسى 8.00 يۈەن)
价格：240.00 元（共 30 种类，单价 8.00 元）